



2005-يىلى 1-سان

# غەرب شامىلى



ئەركىنلىك ئادالەت

دېموكراتىيە باراۋەرلىك

ئىنسان ھەقلىرى ئورتاق تەرەققىيات

ژورنىلىمىزنى ئىقتىسادى ياردەم بىلەن
تەمىن ئەتكەن مىللەتسۆيەر ساخاۋەتچى
ماينۇر خانىمغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز!



Ett stor tack till Makhinur för hennes generösa bidrag till tidnigen. Hennes hjärta och kärlek för den uyguriska språket och kulturen kommer alldrig att glömmas.



ژورنىلىمىزنى ئىقتىسادى ياردەم بىلەن
تەمىن ئەتكەن مىللەتسۆيەر ساخاۋەتچى
پەرھات ئەپەندىمگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز!

Ett stor tack till Parhad för hans generösa bidrag till tidningen. Hans stora kärlek för uygurisk språk och kultur kommer alldrig att glömmas.

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژورنال

# غەرب شامىلى

«غەرپ شامىلى» ژورنىلى رېداكسىيەسى نەشر قىلدى

# غەرپ شامىلى

باش مۇھەررىر: كۈرەش سۇلتان
مەسئۇل مۇھەررىر: تۇركىزات
تەھرىر : ئابدۇرېشىت ھاجى

## سۆھبەت خاتىرلىرى

ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن سۆھبەت........غەرپ شامىلى ژورنىلى تەييارلىدى 6
كىرىستىيان تەيلېر بىلەن سۆھبەت ........ قەيسەر ئابدۇرۇسۇل 53

## مەشھۇر شەخسلەر

تۇرغۇن ئالماس ھەققىدە مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم .......... ئەخمەت ئىگەمبەردى 24
غېنى كېرىموۋ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى.....................تۇركىزات 42

## مەشھۇر ئەسەرلەر

تۈركىستان قايغۇسى..............................ئېلىخان تۆرە ساغۇنى 44
بۆرە بىلەن ئەژدىھا...............................خانتەڭرى تەرجىمىسى 59

2005-يىل 1- سان

# مۇندەرىجە

- ھەر پەسلىنىڭ بىرىنچى ئېيىنىڭ بېشىدا نەشىردىن چىقىدۇ.
- خەلقارادا ئاشكارە تارقىتىلىدۇ.
- ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇشتىرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.
- ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەر ئەۋەتىشىنى قىزغىن تەۋسىيە قىلىمىز

## ئەدەبىيات سالونى

ئۈچ غەزەل.........................................ئابلىكىم باقىي ئىلتەبىر 37

شېئىرلار...........................................ئەرشىدىن 38

يىراق قىردا يىغلايدۇ بىر قىز.......................ئايگۈل يۈسۈپ 40

## بىلىم بۇلىقى

جەننەتنىڭ ئورنى نەدە؟..............................كۈرەش كۆسەن 29

ئېنسىكلوپېدىيە- ئۇيغۇرچە...........................قاھار بارات 56

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى

سەن نىمە كويدا، مەن نىمە ئويدا.....................سىدىقھاجى روزى 16

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسىملا تسىيىسى 48

# ژورنالنىڭ تەكلىپلىك خادىملىرى

## تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر (ئامېرىكا)

ئالىمجان ئىنلۋالدى (قازاقستان)

ئەخمەتجان ئوسمان (كانادا)

پەرھاد مۇھەممىدى (گېرمانىيە)

رۇقىيە تۇردى (كانادا)

سەمەت ئابلا (نورۋىگىيە)

شۆھرەت ھوشۇر (ئامېرىكا)

قاھار بارات (ئامېرىكا)

تۇرسۇن (فىلاندىيە)

نەبىجان تۇرسۇن (ئامېرىكا)

ئۆمەر قانات (ئامېرىكا)

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىبى بۇيىچە تىزىلدى)

## مەسلىھەتچىلەر

ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)

تۇرسۇن ئىسلام (قىرغىزستان)

دولقۇن ياسىن (قازاقستان)

دىلشات رىشىت (شۋىتسىيە)

غولامدىن پاختا (ئامېرىكا)

قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقستان)

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىبى بۇيىچە تىزىلدى)

ئىنسان ھەقلىرى  دېموكراتىيە  ئەركىنلىك  تىنچلىق  باراۋەرلىك  مۇستەقىللىق

# باشلام سۆز

ئەينى چاغدا جاللات ماۋزىدوڭ «شەرق شاملى غەرب شاملىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن ئىدى. ئەمما بۈگۈن غەربنىڭ ئىنسان ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە پۈتۈن دۇنيادا دېموكراتىيەنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىشىنى ئۆزىگە ئالى نىشان قىلغان غايەت زور بوران كوممۇنىزىم غايىلىرىنىڭ رەزىل قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، مۇستەبىت، ھاكىممۇتلەق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ھۆلىنى تەۋرەتتى، ئەجەل سىگنالىنى چالدى.

بۈگۈن خىتاي جەمئىيىتىدە خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن كېلىپ چىققان قارشىلىق ھەركەتلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىكلىرى، دۆلەت فاشىزىمى، دۆلەت تېرورىزىمى ۋە دۆلەت ۋەكىللىكىدىكى قانۇنسىز زوراۋانلىقلار تارىخ بويىچە ئەڭ دەھشەتلىك باسقۇچقا بېرىپ يەتتى. بۇ ھال پەقەتلا ئالدامچىلىق ۋە قورال كۈچىگە تايىنىپ دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان بىر زوراۋان ھاكىمىيەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلىدى.

5 مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بولغان بىر دۆلەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك مەنىۋى ساپاسىغا ۋە مەدەنى دۆلەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىگە يات بولغان كېڭەيمىچى، مۇستەملىكىچى، جاھانگىر دۆلەتكە ئايلىنىپ، ھەققى ئىنسانى مەدەنىيەتنىڭ قاتىلى بولۇپ قالدى ۋە سىياسى نەيرەڭ ، قورال كۈچى ۋە قانۇنسىزلىقتا، 21– ئەسىردىكى ئەڭ قالاق سىياسى تۈزۈلمىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلىگە ئايلاندى. خىتاي كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشتا دۇنيانىڭ ئەڭ ۋەھشىلىك، ئەڭ چوڭ تۈرمىسىگە ئايلاندى، دېموكراتىيەنىڭ دۇنياۋى غەلىبە قازىنىش يولىدىكى جاھىل توساققا ئايلاندى. ھەربى كېڭەيمىچىلىك، ھەربى تەييارلىق ۋە ئۇرۇش خۇمارلىقى بىلەن دۇنيا تىنچلىقى، دۇنيا خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكىنىڭ ۋەھىمە مەنبەسىگە ئايلاندى.

خىتاي مۇستەملىكىسىدە قالغان ئاتالمىش« ئاز سانلىق مىللەت»لەر نىڭ تەقدىرى تارىختىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە ئەڭ خەتەرلىك ھالەتكە چۈشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «ئاز سانلىق مىللەتلەر» گە نىسبەتەن سىياسى ۋە ئەسكىرى زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ئاۋازىنى بوغۇپ، نەسلىنى قۇرۇتۇش، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يوقۇتۇش، ئاسمىلاتسىيە قىلىش، تەبئى بايلىقلىرىنى بۇلاپ–تالاش، زور كۆلەمدە نوپۇس يۆتكەش، تۇتقۇن قىلىش، قىرغىن قىلىش قاتارلىق قەبىھ سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن مىللى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ ، تېگىپلا كەتسە ئوت ئالىدىغان زەمبىرەككە ئايلاندى. ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەققانى تەلەپلىرى قاتتىق تەقىبلەندى ۋە دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر «بۆلگۈنچى ، تېرورىست» ،«پانئىسلامىست »، «پانتۈركىست» دېگەندەك بەدناملار بىلەن ۋەھشىلەرچە ئۆجۈقتۇرۇلدى.

قايەردە بېسىم بولسا شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان بولغان مۇتلەق ھەقىقەت.

ئۇيغۇر خەلقى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلىدى ۋە تۆلەۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار تۆلىگەن بۇ بەدەلگە لايىق دۇنيادىكى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئەڭ ئەقەللى ھەق–ھوقۇقلارغا ئېرىششى كېرەك.

«غەرب شاملى» مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت تەققازاسىدا دۇنياغا كەلدى. ئۇ باراۋەرلىك، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى ۋە بۇ مەسىلىلەرنىڭ قانۇنى كاپالەتكە ئىگە بولۇشنى مۇزاكىرە قىلىشنى ۋەزىپە، نىشان قىلىدۇ، ئۇيغۇر دىيارىدا دېموكراتىيەنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«غەرب شاملى» يازار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەرقانداق سىياسى بەتتامغا قېلىشىغا سەۋەپكار بولۇشنى خالىمايدۇ.

« ئىنسان ھەقلىرى ، دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، تىنچلىق ، مۇستەقىللىق» قاتارلىق 6 شۇئار«غەرب شاملى » نىڭ باش پىرىنسىپى. زور ئۆزگۈرۈش ھارپىسىدا تۇرغان يېڭى ۋەزىيەتنى كۆتۈۋېلىش ، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش، ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تېزلىتىش شۇنداقلا ئىنقىلاپ خاراكتېرلىك ئىددىيە ھەركىتىنى قوزغاش «غەرب شاملى»نىڭ ئارزۇسى ۋە يۈنۈلىشى.

«غەرب شاملى » بىر سەھنە، بۇ يەردە ھەركىم كارامەت كۆرسەتسۇن!

«غەرب شاملى» بىر بۆشۈك، بۇ بۆشۈكتىن كىلەچەكنىڭ ئىگىلىرى، سىياسىيونلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ستىراتېگىيەچىلىرى چىقسۇن!

«غەرب شاملى» ئۆزىنىڭ بارلىق ئوقۇرمەنلىرى بىلەن بىرلىكتە گۈزەل كېلەچەككە يۈزلەنگۈسى!



# ئەركىن ئالىپتېكىن بىلەن سۆھبەت

«غەرب شامىلى» ژورنىلى تەييارلىدى

سوئال1: ئۆزىڭىزنىڭ قىسقىچە ھايات ھېكايىڭىزنى سۆزلەپ بەرەمسىز؟

جاۋاب: مەن 1939-يىلى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى خىتاينىڭ لەنجۇ شەھرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۈرۈمچىدە، ئوتتۇرا مەكتەپنى ھىندىستاندا، ئالىي مەكتەپنى ئىستانبۇلدا ئوقۇدۇم. 1961-يىلدىن 1970-يىلغىچە تۈرك ھاۋا يوللىرىدا تۈرلۈك خىزمەتلەردە بولدۇم. 1970 -يىلدىن 1995-يىلغىچە گېرمانىيەنىڭ مۈنخىن شەھرىدىكى «ئازاتلىق رادىيوسى» دا ئىشلىدىم. شۇندىن كېيىن پېنسىيەگە چىقتىم.

سوئال2: كېيىنكى 35-40 يىلدىن بېرى غەرب دۆلەتلىرىدە شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى تونۇتۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ باردىڭىز، بۇ توغرۇلۇق بىزگە ئازراق مەلۇمات بەرەلەمسىز؟

جاۋاب: ئالتە ئەجدات بوۋىلىرىمدىن 3سى مىللى ئازاتلىق يولىدا شېھىت بولدى، بىرى خىتاي زىندانىدا يوق قىلىندى. مەن ئۆزۈم 95يىللىق ئۆمرىنىڭ 70 يىلىنى شەرقى تۈركىستان دەۋاسىغا بېغىشلىغان بىر دادىنىڭ بالىسىمەن. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك ۋىجدانى قەرزىمنى ئادا قىلىش مەقسىدىدە شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى چەتئەللىكلەرگە ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم. ھازىرغىچە 6 مىڭدىن ئارتۇق خەلقارالىق يىغىنلارغا قاتنىشتىم. بۇ يىغىنلاردا شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشقا تىرىشتىم ، جەمئى 4 مىڭ قېتىمغا يېقىن دوكلات بەردىم ۋە مىڭلارچە ماقالە، تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تارقاتتىم، چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا يۈزلەرچە ماقالىلار ئېلان قىلدىم. ئامېرىكا، ياۋرۇپا، تۈركىيە قاتارلىق جايلارنىڭ تېلېۋىزىيە ۋە رادىيولىرىدا سۆھبەتتە بولدۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە CNN، BBC، ARD، TRT، Reutur، قاتارلىق قانالالارمۇ بار. 1973-يىلى تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى ب.د.ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىدا ئاڭلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. شۇندىن بېرى ھەر يىلى ئىككى قېتىم ب.د.ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىدا شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىش ۋە مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇشقا تىرىشتىم. تېبەتلىكلەرنىڭ كەڭ ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن 1985-يىلى شۋېتسارىيەنىڭ زۈرىچ شەھرىدە «شەرقى تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇل خەلقلىرى ئىتتىپاقى »نى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولدۇم. « ئاللىبەد كومىتېتى» دەپ ئاتالغان بۇ ئىتتىپاقنىڭ باشقۇرۇشىدا «ئورتاق ئاۋاز» نامىدا ژورنال چىقاردۇق. 1986 -يىلدىن 1996-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقى تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇل خەلقلىرى ئىتتىپاقىنىڭ نيۇ-يورك، ۋاشىڭگتون، پارىژ، مۈينخىن ۋە زۈرىچ قاتارلىق شەھەرلەردە چوڭ يىغىنلىرىنى ئاچتۇق. تېبەتلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ئامېرىكا پارلامېنتى ۋە ياۋرۇپا پارلامېنتلىرىنىڭ خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى قارىلاپ قارار چىقىرىشلىرىغا تۈرتكە بولدۇم. بۇنىڭغا بىر نەچچە مىسال كۆرسەتسەم، ئامېرىكا دۆلەت كېڭىشىنىڭ 1979-يىلى 31-مايدىكى 132- نومۇرلۇق قارارى، 1987-يىلى 20-مايدىكى 2476-نومۇرلۇق قارارى،1996-يىلى 18-ئىيۇلدىكى 186-نومۇرلۇق قارارى...قاتارلىقلار بار. ياۋرۇپا پارلامېنتى بولسا، 1997-يىلى 10-ئاپرېلدا خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى غەيرى ئىنسانىي سىياسەتلىرىنى ئەيىبلەپ قارار چىقاردى. شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى شۇ تارىخقا قەدەر ياۋرۇپا پارلامېنتىدا 6 قېتىم مۇزاكىرە قىلىندى.

بۇلاردىن بىرىدە مەن ياۋروپا پارلامېنتىدىكى سىياسى پارتىيەلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر يىغىندا شەرقى تۈركىستان ھەققىدە دوكلات بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش مەقسىدىدە 1991-يىلى گوللاندىيەنىڭ گاگا شەھرىدە «ب.د.ت دە ھوقۇقى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى »نى قۇرغۇچى 4كىشىنىڭ بىرى بولدۇم. ھازىر قىسقارتىلىپ «UNPO»دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ تەشكىلاتنىڭ ھازىر دۇنيادا 150مىليون نوپۇسقا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان 60 قا يېقىن ئەزاسى بار.1991-يىلى گېرمانىيەنىڭ مۇنخىن شەھرىدە ئەنۋەرجان، ئۆمەر قانات، ئەسقەرجان قاتارلىق قېرىنداشلىرىم بىلەن بىرلىشىپ «ياۋرۇپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكى» (STB) نىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولدۇم. «ياۋرۇپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكى» غەرپ دۆلەتلىرىدە شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى تونۇتۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ئىسپانىيەنىڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەت مىنىستىرى فېدېرىكى مايور ۋە فرانسىيەنىڭ بۇرۇنقى پرېزىدېنتىنىڭ ئايالى دانېللا مېتتېراند نىڭ چاقىرىقى بىلەن 2000-يىلى ئىسپانىيەنىڭ بارېسولنا شەھرىدە «UBUNTU»(ئافرىقا تىلىدا تىنچلىق دەپ ئاتالغان) تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولدۇم. ھازىر 40 قا يېقىن خەلقارا تەشكىلات بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى. بۇنىڭدىن سىرت مەن ھازىر 16 غا يېقىن خەلقارا تەشكىلاتنىڭ مەسلىھەتچىسىمەن. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسەت، شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقارا تەشكىلاتلار ئارقىلىق دۇنياغا ئازراقتىن بولسىمۇ بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇش ئىدى. بولۇپمۇ 1990-يىللاردىن كېيىن شەرقى تۈركىستاندىن ناھايىتى كۆپ يۇرتداشلار سىياسى پاناھلىق ئىزدەپ چەتئەللەرگە چىقىشقا مەجبۇر بولىۋاتىدۇ. بۇلارغىمۇ قولۇمدىن كېلىدىغان ياردەمدە بولۇشقا تىرىشتىم. مەيلى پايدىسى بولغان ياكى بولمىغان بولسۇن 1000 غا يېقىن قېرىنداشلىرىمغا ئۆزۈمنىڭ ياكى خەلقارا تەشكىلاتلارنىڭ نامىدا گۇۋاھلىق يېزىپ بەردىم. مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن 65 يېشىمنى تاماملىدىم. چاچقا ئاق كىرىدى، پۇتۇمدا دەرمان قالمىدى. يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇم، يېقىندا ئوپېراتسىيە قىلىندىم، ھازىر ۋاقتىمنى كۆپرەك ئۆيدە دەم ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزىۋاتىمەن.

<u>سوئال3</u>: سىز ھازىرغىچە «مەن لىدىر ئەمەس، لوبىست » دەپ تونۇشتۇرۇپ كەلدىڭىز، نىمشقا پەقەت لوبىست دەپ تونۇشتۇرۇسىز؟

<u>جاۋاب</u>: بىزدە لىدىرلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما لوبىست يوق. «لىدىر» دىگەن سۆزنى پەقەت ياخشى كۆرمەيمەن. ئەگەر تارىخىمىزنى ھازىراق تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئارىمىزدا بولغان جەڭگى- جېدەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ لىدىرلىق تالىشىشتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بايقايمىز. لىدىرلىق تالىشىش، بىزنى بىر-بىرىمىزگە دۈشمەن قىلىۋەتكەن، بۇنىڭدىن دۈشمەنلەر پايدىلىنىپ كەتكەن. بىزنىڭ مۇشۇ كۈنلەرگە قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. «لىدىر»، «داھى»، «يول باشچى» دەپ ئاتالغان كىشىلەر يۈز يىلدا بىر چىقىدۇ ياكى چىقمايدۇ. ئەمما ئارىمىزدا ھازىر بۇ سۈپەتلەرگە لايىق بىر ئادەم يوق. باشقىلارنىڭ سېنى «لېدىر»، «داھى»، «يول باشچى» دەپ قويغىنىغا لىدىر ياكى يول باشچى بولغىلى بولمايدۇ.

ئەسلىدە بىزگە لىدىر ئەمەس بەلكى لوبىست كېرەك. لوبىست بولۇش ئۈچۈن سىياسەتتىن، دېپلوماتىيەدىن، خەلقارا قانۇندىن، ئىنسان ھەقلىرى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پسىخولوگىيەسىدىن خەۋەردار بولۇش كېرەك. يەنى لوبى بولۇش ئۈچۈن لوبى قىلىشنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. بۇ ھۈنەرلەرنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ب.د.ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىدا ھەرقايسى دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتلىرىدا، قىسقارتىلىپ«NGO» دەپ ئاتالغان خەلقارا تەشكىلاتلاردا ئۆزۈمىزنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىتالمايمىز. ئاددى بىر مىسال: ئەگەر مەن بىر سودىگەر بولسام، مېلىمنى سېتىش ئۈچۈن خېرىدار تېپىشقا تىرىششىم كېرەك. خېرىدارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان سۈپەتلىك مال ئىشلىشىم كېرەك. ماللىرىم زامانىۋى مودىغا ماسلىششى كېرەك. خېرىدارنىڭ قايسى مالنى ياردىتىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. بۇنى بىلمەي تۇرۇپ مېلىمنى ساتالمايمەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ بىر دەۋاسى بار. بۇ دەۋانى چەتئەللىكلەرگە ئاڭلىتىش، قوبۇل قىلدۇرۇش، زۆرۈر بولغان چارە —تەدبىرلەرنى قوللاندۇرۇشنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئۆگەنمىسەك دەۋايىمىزنى ئاسانلىقچە ھېچكىمگە قوبۇل قىلدۇرالمايمىز. كوچىدا كىتىۋاتقانلاردىن «شەرقى تۈركىستان نەدە؟» ، «ئۇيغۇر كىم؟»، «ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى نىمىلەردىن ئىبارەت؟» دەپ سورىسىڭىز ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاندىن تىبەتنى سورايلى ، ئۇلارنى بىلىدىغانلار يەنىلا چىقىدۇ. نىمشقا؟ ئۇلار مۇھىمى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. تىبەتلىكەرنىڭ دەۋاسىنىڭ تونۇلىشىدا ئەلبەتتە دالاي لامانىڭ رولى چوڭ بولدى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى.

ھازىرقى ئەڭ تەسىرلىك قورال «قايىل قىلىش»، «ئىشەندۈرۈش»، «يۇقتۇرۇش» ھۈنەرلىرىدۇر. غەرپتە ياشاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى غەرپلىك بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى ئېنگلىز، بىرى فرانسۇز، بىرى نېمىس. ئۇلارنىڭ خارەكتېر- مىجەزى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋايىمىزنى مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ پسىخولو- گىيەسى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئەگەر دەۋايىمىزنى بىر نېمىسقا ئاڭلىتىدىغان ئۇسلۇپتا ھەممىسەگە ئاڭلىتىشقا تىرىشساق، بەلكىم ئۇلارغا ئاڭلىتالماسلىقىمىز مۇمكىن، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ پسىخولوگىيەسىگە ماس كېلىدىغان ئۇسلۇپتا ئاڭلىتىشىمىز كېرەك.

سوئال4: 1997-يىلى يازغان بىر ماقالىڭىزدا پىكىر بىرلىكى ئاساس قىلىنماستىن ، سىياسى بىرلىكنى تەكىتلەش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدىڭىز، بۇ مەسىلىنى بىرئاز يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بەرمەمسىز؟

جاۋاپ: ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى سىياسى تۈزۈملىرى بىر-بىرىگە ئوخشىماي- دىغان، بىر-بىرىگە رىقابەت ھالەتتە تۇرغان، بولۇپمۇ مىللى مەنپەئەتلىرى بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان دۆلەتلەردە ياشايدۇ. مەسىلەن: خىتاينىڭ دىكتاتۇرا تۈزۈمى ئاستىدا چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇر بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ۋە بىزدېموكراتىك دۆلەت دەپ ئاتاۋاتقان غەرپ دۆلەتلىرىدە چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇرنىڭ پىكىر قىلىشى، دۇنياغا بولغان كۆز قارىشى، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسىدى ئوخشاش بولسىمۇ تۇتقان يولى، مېتودى، يۈرگۈزىۋاتقان سىياسىتى، ستراتېگىيىسى، تاكتىكىلىرى ۋە كېلەچەكتە قۇرماقچى بولغان سىياسى تۈزۈلمىسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاددى بىر مىسال: بىر قىسىمىمىز«شەرقى تۈركىستان» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرسەك، بىر قىسىمىمىز «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرىمىز. بىر قىسىمىمىز مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىمىز دەيمىز، يەنە بىر قىسىمىمىز ئىنقىلاپ يولى بىلەن ھەل قىلىمىز، دەيمىز. بىر قىسىمىمىز دۆلەتنى دىننى ئاكىمىيەتتىن ئايرىلغان غەرپچە ئۇسلۇپتىكى دۆلەت قۇرىمىز دەيمىز، بىر قىسىمىمىز شەرىئەتكە تايانغان ئىسلام دۆلىتىنى قۇرىمىز دەيمىز. بىرىمىز خىتاينى دېموكراتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتا پايدا بار دەيمىز، بىرىمىز بۇ پائالىيەتكە قاتناشقانلارنى خائىن دەيمىز. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى يەنە يۈزلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. بىز ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس مەسىلىسىدە بىر پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلالمايمىز، بىرىمىز 15 مىليون دېسەك، بىرىمىز 25 مىليون دەيمىز، يەنە بىرىمىز 35 مىليون دەيمىز. ھازىرغىچە جىددى بىر بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكىمىزنىڭ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ماڭالمىغانلىقىمىزنىڭ، بىر بىرىمىزنى تىللاپ، قارىلاپ ۋە غاجاپ يۈرگىنىمىزنىڭ ، بىرىمىزنىڭ قىلغان ئىشىنى يەنە بىرىمىزنىڭ بوزۇۋاتقانلىقىمىزنىڭ، كۆپچىلىكنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ، قانۇنى كۈچكە ئىگە بولغان خەلقارالىق بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقالمىغانلىقىمىزنىڭ ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ئالغا باسمايىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ ئارىمىزدا بىر پىكىر بىرلىكىنىڭ بولمىغانلىقىدۇر. چەتئەللىكلەرنىڭ «ئۇيغۇرلار زادى بىرلەشمەيدۇ» دەپ ھالىمىزغا كۈلۈشىنىڭ، «3 ئۇيغۇر بىر يەرگە كەلسە 4تەشكىلات قۇرۇلۇدۇ» دەپ بىزنى زاڭلىق قىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ. ئۆز- ئارا پىكىر بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ، ئارىمىزدا ئىشەنچ بىرلىكى ، پىكىر بىرلىكى، قارار بىرلىكى، ھەركەت ۋە سىياسى بىرلىكىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. سىياسى بىرلىكىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ، شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى بىر مىللەت ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

سوئال5: بەزى كىشىلەر ھازىر خىتاينىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئەسكىرى جەھەتلەردىن دۇنيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغانلىقىنى ئىپادە قىلىپ، بۇ شارائىتتا شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەت بولۇپ چىقىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىڭىز قانداق؟

جاۋاپ: ئەگەر مەن ۋاقتى ۋە سائىتى كەلگەندە شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەت بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن بولسام، 40 يىلدىن بېرى شەرقى تۈركىستان توغرۇلۇق دەۋا پائالىيەتلىرىنى يۈرگۈزمىگەن، دادام ئۆز ئۆمرىنىڭ 70 يىلىنى بۇ ئىشقا سەرپ قىلمىغان، تاغام خىتايلار تۈرمىسىدە قىيىن- قىستاقتا ئۆلمىگەن ۋە 3چوڭ بوۋام بۇ يولدا شېھىت بولمىغان بولاتتى. ھەققەتەن خىتاي بۈگۈن قۇدرەتلىك بىر دۆلەت بولۇپ ئوتتۇرغا چىقتى. ئەمما بىر

ۋاقىتلاردا سىۋېت ئىتتىپاقىمۇ قۇدرەتلىك بىر دۆلەت ئىدى. بۇ قۇدرەتلىك دۆلەت ھازىر يوق. ئۇنىڭ ئورنىغا ھازىر 15 مۇستەقىل يېڭى دۆلەت قۇرۇلدى. سىۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە خىتاي دۆلىتىنىڭ پارچىلانمايدىغانلىقىغا كىم كاپالەت بېرەلەيدۇ؟ خىتاينىڭ يېقىن كەلگۈسىدە پارچىلىنىدىغانلىقىنى مەن ئەمەس، بەلكى خىتاي ئالىملىرىنىڭ ئۆزى ئىلگىرى سۈرمەكتە . مەسىلەن: بېيجىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى 2003-يىلى نەشر قىلغان بىر ئىچكى ماتېرىيالدا قىسقىچە مۇنداق يازىدۇ. «....ئەگەر خىتاي يول باشچىلىرى خىتايدا، ئامېرىكا قوشما ئىشتات-لىرىدىكىدەك بىر فېدېراتسىيە دۆلەت قۇرۇش يولىنى تۇتمىسا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالدىمىزدىكى يىللاردا يۇگوسلاۋىيەدەك قانلىق رەۋىشتە پارچىلىنىدۇ....»

ئامېرىكانىڭ مارىلېلاند ئۇنىۋېرسىتى، ئامېرىكا مىللى مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىبى بىلەن 1994-يىلى نەشر قىلىنغان بىر تەتقىقاتتا مۇنداق دەيدۇ: «ئالدىمىزدىكى يىللاردا خىتاينىڭ پارچىلىنىش ئېھتىمالى 50٪دۇر»

يېقىندا ئامېرىكىدا «خىتاينىڭ پارچىلىنىشى» دىگەن بىر كىتاپ نەشر قىلىندى. ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى خىتايدىكى دىكتاتۇرلۇق تۈزۈمىنىڭ ئالدىمىزدىكى يىللاردا مۇتلەق رەۋىشتە پارچىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. تارىخ شۇنىڭغا گۇۋاكى، باستۇرۇشقا تايانغان دىكتاتۇرلۇق سېستىمىلار مۇتلەق رەۋىشتە يوق بولىدۇ.

بىز بەندىلەر ئۈچۈن قىيىن بولسىمۇ ئاللاھ-تائالا ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان. ۋاقتى- سائىتى كەلگەندە ئاللاھ-تائالا بۇ ئاتىست تۈزۈمنى چوقۇم يوق قىلىدۇ.

ئىنسان ئۈمىد قىلغان مۇددەتكىچە ياشيالايدۇ. بولۇپمۇ چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقاچان ئۈمىتسىز بولماسلىقى، شەرقى تۈركىستان خەلقىگە دائىما ئۈمىد بېرىدىغان ئىشلارنى قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئۈمىدسىز قىلىدىغان ئىشلارنى مۇتلەق رەۋىشتە قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى چەتئەلدە ياشاۋاتقان بىز ئۇيغۇرلار ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق. خەلقىمىزگە بولغان بىر كىشىلىك ۋىجدانى بۇرچىمىزنى ئادا قىلىمىز دەپ چىقىپ ۋاتىمىز. ئەگەر بۇ ۋىجدانى قەرزىمىزنى ئادا قىلمىساق بۇنىڭ جاۋابىنى قىيامەتتە بېرىدىغانلىقىمىز ئېنىق.

مەسىلە خىتاي دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشىدا ئەمەس، بەلكىم خىتاي دۆلىتى پارچىلىنىپ شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل بىر دۆلەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندا چەتئەللەردە يېتىشكەن ياش، قابىلىيەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشتا، سىياسىتىنى بەلگۈلەشتە، ئىقتىسادىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا، مەدەنىيىتىنى راۋاجلان دۇرۇشتا، ھەرقايسى فابرىكا، زاۋۇت ۋە كارخانىلارنى ئىشلىتىشتە، ۋەتەندىكى خەلقىمىزغا قانداق يار يۆلەكتە بولۇشتا. مانا بۇ چەتئەلدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرى- مىزنىڭ ئالدىدىكى ئويلىنىشىغا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسىلىلەر ئىدى. ئەمما مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك چەتئەلدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزدا بىر پىكىر بىرلىكى بولمىغاچقا بىز ھازىرغىچە بۇنداق مەسىلىلەرنى ئويلاشقا ۋاقتىمىز يەتمىدى.

<u>سوئال6</u>: سىز ھازىرغىچە رېئالستىك سىياسەت ئىزدىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلدىڭىز، بۇنىڭدىكى مەقسىدىڭىز نىمە؟

<u>جاۋاب</u>: پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەپ بۇيرىغان ئىكەن: «زامان ساڭا باقمىسا ،سەن زامانغا باق». ئەنگىلىيەنىڭ بۇرۇنقى باش مىنىستىرى چېرچىلنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار : «ھەقىقى لىدىرلەر ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى ھەر قانداق بىر كىشى ياكى گوروھنىڭ ھاياجېنىغا قاراپ ئەمەس بەلكى، ۋەتىنىنىڭ سىياسى جۇغرپىيەسىگە، دۇنيادىكى سىياسى جەريانلار ۋە قولىدىكى ئىمكانىيەتلەرگە قاراپ بەلگۈلەيدۇ». ئەمما بىز ھازىرغىچە « زامانغا ماس كېلىدىغان» رېئالستىك سىياسەت بەلگۈلەپ چىقالمىدۇق. ۋەتىنىمىزنىڭ جايلاشقان سىياسى جۇغراپىيەلىك ئورنى دۇنيادىكى سىياسى جەريانلار ۋە قولىمىزدىكى ئىمكانلاردىن بىخەۋەر ھالدا مەركىزى ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، تۈركىيە، ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ھۇررالار بىلەن «شەرقى تۈركىستان»نى ئازات قىلىمىز- دەپ يۈردۇق. ھېچقانداق شەك يوقكى، خەلقىمىزنىڭ 99٪ مۇستەقىللىق تەلىبى قىلىدۇ. ئەمما شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى مۇستەقىللىق بېرىلمەيدۇ، ئېلىنىدۇ! خىتاي ھېچقاچان مۇستەقىللىقنى ئۆزلىكىدىن بەرمەيدۇ. ئۇ چاغدا مۇستەقىللىقىمىزنى قايسى يول بىلەن ئالىمىز؟ «ئۇرۇش» يولى بىلەنمۇ؟ ياكى«تىنچلىق» يوللىرى بىلەنمۇ؟ شەرقى تۈركىستان خەلقى مۇستەقىللىقنى قايتىدىن تىكلەش مەقسىدىدە، 1760 -يىلدىن باشلاپ مانجۇ-خىتاي،

مىللەتچى خىتاي ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيەتلىرىگە قارشى مىڭلارچە قوزغىلاڭ، ئىنقىلاپ ۋە توپىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭلاردا 2.5 مىلىيون ئۇيغۇر شېھىت بولدى.1 مىلىيونغا يېقىن ئۇيغۇر چەتئەللەرگە باش-پاناھ ئىزدەپ قېچىپ چىقتى، 500 مىڭ ئۇيغۇر خىتاي زىندانلىرىدا يوق قىلىندى. 200 مىڭ ئۇيغۇر ئالتە شەھەردىن ئېلىنغا پالاندى . 1990 -يىلدىن كېيىنمۇ شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قوزغىلاڭلار كۆتىرىلدى.كۆپلىگەن ياشلىرىمىز قىرىلىپ كەتتى، بەزىلىرى تۈرمىدا قىيىن -قىستاق ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ ۋە يەنە بەزىلىرى چەتئەللەردە پانالىق تىلەپ سەرسان بولۇپ يۈرۈپتۇ. نىمە بولمىسۇن مەن بۇ يەرە شېھىتلىرىمىزنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمەن، روھى شاد بولسۇن دەيمەن ۋە ئۇلارغا ئاللاھدىن رەخمەت تىلەيمەن. تارىختا ھېچبىر مىللەت مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش كۈرەش قىلغان ئەمەس. ئەمما ، بىرىلگەن سانسىز قۇربانلار، قىلىنغان زور پىداكارلىقلار ۋە تارتىلغان ھەر تۈرلۈك جەۋرى-جاپالارغا قارىماستىن ئۇرۇش يولى بىلەن مۇستەقىللىقىمىزنى ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرەلمىدۇق . نىمشقا؟ مانا ھەممىمىز مۇشۇ سۇئالغا جاۋاپ تېپىشىمىز كىرەك. بۇ سۇئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپماي تۇرۇپ يەنە «قوزغىلاڭ»، «توپىلاڭ»، «ئىنقىلاپ» يولىغا كىرىشىدىغان بولساق يەنە بۇرۇنقى ئاقىبەتكە قېلىشىمىز مۇمكىن.

پەلەستىن خەلقى ئەللىك يىلدىن بىرى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. 25 تىن ئارتۇق ئەرەپ دۆلىتى پەلەستىنگە ھەر تۈرلۈك ماددى، مەنىۋى ۋە ئەسكەرى ياردىمىنى بېرىۋاتىدۇ. ئەمما بۇنداق بولىشىغا قارىماي تا ھازىرغىچە مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. كەشمىر خەلقى 1947-يىلدىن بىرى مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. ئارقىسىدا پاكىستان بار، ئەمما ئۇلارمۇ ھازىرغىچە مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. ئۇيغۇرلار-نىڭ ئارقىسىدا بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچبىر ياردەمچىسى يوق. ئۇيغۇرلار تۈركلەر بىر مىللەت ئەمما، مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى بىزگە ئۆگەي كۆزى بىلەن قارايدۇ. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بىر مىللەت ئەمما، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىزگە ھېچقاچان ياردەم قىلمايدۇ. مەن 1973-يىلدىن بىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن يىلدا بىر ئىككى قېتىم سۆزلىشىپ كەلدىم. «سىلەرنىڭ داۋايىڭلارنى ۋە ئارزۇ-تىلەكلىرىڭلارنى ناھايىتى ياخشى بىلىمىز. ئەمما خىتاي ناھايىتى چوڭ دۆلەت، غەرپ ئەللىرى بىزنى چەتكە قاقىدۇ، قولىدىن كەلسە بىزنى بېسىۋالىدۇ، بىز تەلەپ قىلغان قۇراللارنى بەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇيغۇرنى دەپ خىتاينى خاپا قىلمايمىز»،- دەيدۇ. خىتايغا قارشى تەڭ تۇرالايدىغان غەرپ دۆلەتلىرى بولسا مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئىشەنمەيدۇ، كۆيۈنمەيدۇ ۋە يار -يۆلەكتە بولمايدۇ.

ئەلبەتتە مەسىلە قۇرالدا ئەمەس، بەلكى ئىماندا. مۇنداق دەيلى، ئىمانى كۈچلۈك ئۇيغۇرلار بىر قوزغىلاڭ كۆتىرىپ خىتايلارنى شەرقى تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلدى دەيلى. ئەگەر باشقا دۆلەتلەر شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئاقىبەت نىمە بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن سىپرۇس مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، ئەمما بۇنى تاكى ھازىرغىچە تۈركىيەدىن باشقا ھېچقانداق دۆلەت ئېتىراپ قىلمىدى. دۇنيا جامائەتچىلىكى پەقەت گىرىكلەرنى ئاساس قىلغان جەنۇبى سىپرۇسنى ئېتىراپ قىلىدۇ. يېلتسىن ۋاقتىدا چېچەن خەلقى جېنىنى تىكىپ كۈرەش قىلىپ مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلدى. ئەمما، دۇنيا جامائەتچىلىكى چېچەنىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. روسىيە تېڭىرقاشتا قالغان چېچەنىستاننى قايتىدىن بېسىۋالدى. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن چېچەن خەلقىنى «مۇجاھىد» دەپ ئاتىغان غەرپ دۆلەتلىرى ھازىر ھەممىسى بىر ئېغىزدىن «تېرورىست» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى ، دۇنيا جامائەتچىلىكى رەسمى رەۋىشتە ئېتىراپ قىلمىغان بىر دۆلەت ھېچقاچان مۇستەقىل بولالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتى ۋە سائىتى كەلگەندە دۇنيا جامائەتچىلىكى شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى دەرھال تونۇيدىغان بىر سىياسى يول تېپىشىمىز كىرەك. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىر زور مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۇيغۇرلارنى «تېرورىست» دەپ قارىلاشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ، شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنىڭ خەلقارا دەۋاغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

بۇنىڭ ئۈچۈن مەن شەرقى تۈركىستاننىڭ سىياسى، جۇغراپىيەلىك ئورنى، دۇنيادىكى سىياسى پائالىيەتلەر ۋە قولۇمدىكى ئىمكانلارنى نەزەردە تۇتۇپ، رەھمەتلىك مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرەتىنىڭ 1956- يىلى ئوتتۇرىغا

قويغان رىيالىست يولنى ئىزلەپ كەلدىم. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرەتلىرى 1956-يىلى ئەنقەرەدە يازغان پروگراممىسىدا قىسقىچە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «چەتئەلدە ياشاپ تۇرغان بىز شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ قولىدىن قۇراللىق كۈرەش كەلمەيدۇ. چەتئەللەردە ياشاپ تۇرۇپ شەرقى تۈركىستان خەلقىنى قۇراللىق كۈرەش قىلىشقا چاقىرىش بىر جىنايەت بولىدۇ. چۈنكى رەھىمسىز مىللەت بولغان خىتايلار ئۆتمىشتە بولغاندەك بۇندىن كىيىنمۇ شەرقى تۈكىستان خەلقىنى قىرىپ تاشلايدۇ. بىز خەلقىمىزنىڭ قىرىلىپ كېتىشىنى ئەمەس، بەلكى، دۇنيا سىياسى سەھنىسىدە شەرەپلىك ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بىز شەرقى تۈركىستانلىقلار چەتئەلدىكى سۆزلەش، پىكىر قىلىش، تەشۋىق قىلىش، يىغىلىش قىلىش قاتارلىق ئەركىنلىكدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەققى ئەھۋالىنى، ۋەزىيىتىنى، كۆڭلىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇش ۋە ئۇلارغا چارە- تەدبىر ئالدۇرۇش ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىنى تىنچ يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر.» شەرقى تۈركىستاندا يېتىشكەن چوڭ ئىنقىلاپچى، دۆلەت ئەربابى، تارىخچى ۋە بىردىن-بىر ئالىم بولغان رەھمەتلىك مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرەت 1931-يىلى شەرقى تۈركىستاندا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاپقا بىۋاستە قاتناشقان. جەڭلەردە قولى ۋە بارماقلىرى چانالغان ، ئىككى ئىنىسى يېڭىساردا شېھىت بولغان ۋە 1933-يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ بىر لىدىرىمىزدۇر.

سوئال7: شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى مۇتلەق رەۋىشتە خەلقاارھوقۇققا يەنى قانۇن ۋە نىزامنامىلارغا تاياندۇرۇش كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدىڭىز. شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقارا قانۇنلارغا قانداق تاياندۇرالايمىز؟

جاۋاپ: بىزنىڭ ھەقلىق بىر دەۋايىمىز بار. بۇ دەۋانى خەلقارا ھوقۇققا تاياندۇرۇشىمىز كېرەك. قانچىلىك ھەقلىق بولمىسۇن خەلقارا ھوقۇققا تاياندۇرمىغان بىر دەۋانىڭ قانۇنى بىر نىگىزىمۇ بولمايدۇ. بۇ ھوقۇق بولسا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى قانۇنىدا دېيىلگەن: «ھەر مىللەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقىغا ئىگە» دېگەن پرىنسىپتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «مۇستەقىللىق» دېگەن سۆزگە دەرھال نارازىلىق بىلدۈرگەن دۇنيا جامائەتچىلىكى «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش » دېگەن پرىنسىپقە قارشى چىقالمايدۇ. چۈنكى بۇ پرىنسىپنى دۇنيا جامائەتچىلىكى «بىر خەلقارالىق ھوقۇق» دەپ ئۆزلىرى بېكىتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۇنيا جامائەتچىلىكى سېۋېت ئىتتىپاقى تارقالغاندىن كىيىن «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش» دېگەن بۇ ھوقۇققا تايىنىپ تۇرۇپ، 20 نەچچە دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول ئېچىپ بەردى. بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن دۆلەتنىڭ ئاخىرقىسى بولسا شەرقى تىمۇردۇر. بۇنداق بىر مەزگىلدە بۇنداق ھوقۇقتىن تولۇق پايدىلىنىش يوللىرىنى تېپىشىمىز كېرەك. چۈنكى بىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان كۈرۈشىمىز بىر ھوقۇق كۈرىشىدۇر. مەسىلەن: خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننىڭ 2000 يىلدىن بىرى خىتاينىڭ تېرتورىيىسىدە بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئەمما قولىدا بۇنى ئىسپاتلايدىغان بىرمۇ ھۆججەت يوق. بۇ 2000يىلدىن بۇيان شەرقى تۈركىستاندا بىرەر قېتىم سايلام ئۆتكۈزۈلگەنمۇ ئەمەس. شەرقى تۈكىستان خەلقى ھېچقاچان «بىز ئۆز ئارزۇيىمىز بىلەن خىتاي دۆلىتىگە قوشۇلدۇق» دەپ ئاۋاز بەرگەنمۇ ئەمەس.گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننى قۇرال كۈچى بىلەن بېسىۋال-غان بولسىمۇ شەرقى تۈركىستان خەلقى خىتايغا ئۆزىنىڭ مىللى بېقىندىلىقىنى ئېتىراپ قىلغانمۇ ئەمەس. «شىنجاڭ» دەپ ئاتالغان ئىسمىنىڭ ئۆزىمۇ، شەرقى تۈركىستاننىڭ 2000 يىلدىن بىرى خىتاي تېرتورىيىسىدە بولمىغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلىدۇر. ئەمما مانجۇلار شەرقى تۈركىستاننى بېسىۋېلىشتىن بۇرۇن خىتايىنى ئىستىلا قىلدى. سۇنجۇڭسەن باشچىلىقىدىكى مىللەتچى خىتايلار 1911-يىلى خىتايدا مانجۇ ھاكىمىيىتىنى يىقىتىپ، ئورنىغا گومىنداڭ پارتىيەسى يېتەكچىلىكىدىكى دۆلەت قۇردى. سۇنجۇڭسەن 1924-يىلى گومىنداڭ قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلغان پروگراممىسىدا «خىتايدىكى تۈركى مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقىغا ئىگە» بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىراق، سۇنجۇڭسەننىڭ ئۆلۈمىدىن كىيىن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان جياڭ جېشى «ئىچكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگۈتىۋالايلى، ياپونىيە ۋە كومۇنىستلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردىن كىيىن بۇ

مەسىلىنى قولغا ئالايلى»دېگەن باھانالار بىلەن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئىجرا قىلمىدى. خىتاي كومپارتىيىسى 1931-يىلى، 1937-يىلى ۋە 1945- يىللىرى ئۆتكۈزگەن قۇرۇلتىيىدا ماۋزېدوڭنىڭ تەكلىپى بىلەن تۆۋەندىكى قارار ئېلىنغان. « ئىچكى موڭغۇل، تىبەت ۋە شىنجاڭ خەلقلىرى ئارزۇ قىلغان تەقدىردە ،ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى قۇرۇش ياكى قۇرۇلىدىغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلىكى ئىچىدە قېلىپ ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيە جۇمھۇ- رىيەتلىرىنى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە...» ئەمما كومىنىست خىتايدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى»نى تونۇمىدى. ئەگەر خىتاينىڭ ئالغا سۈرگىنىدەك شەرقى تۈركىستان خىتاينىڭ مىللى چېگرىسىنىڭ ئىچىدە بولغان بولسا، سوڭ جوڭشەن ۋە ماۋ زېدوڭلار نېمىشقا« شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە» دېيدۇ؟

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا سېۋېت ئىتتىپاقى ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتاۋانىيە دېگەن ئاتالغان ئۈچ بالتىق دۆلىتىنى بېسىۋالدى. ئەمما دۇنيا جامائىتى بۇ باسقۇنچىلىقنى تونۇمىدى. ۋاقتى — سائىتى كەلدى بۇ ئۈچ بالتىق دۆلىتى مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. شەرقى تېمۇر بىر چاغلاردا پورتىگالىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى، 1975-يىلى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئەمما ئىندونوزىيە بېسىۋالدى. بۇنىمۇ دۇنيا جامائەتچىلىكى تونۇمىدى. ۋاقتى-سائىتى كەلدى شەرقى تېمۇر مۇستەقىل بولدى. بۇلارغا ئوخشاش ۋاقتى- سائىتى كەلگەندە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ھازىر خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەۋاتقان شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇمايدىغانلىقىغا كىم كاپالەت بېرەلەيدۇ؟ شۇڭا بىز شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى مۇتلەق رەۋىشتە خەلقارا ھوقۇققا تاياندۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزگە تېگىشلىك ھوقۇقىمىزنى تەلەپ قىلىشىمىز ۋە كۆرۈشىمىزنى بۇ ھوقۇقىمىزنى قولغا كەلتۈرگۈچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئەمما ئارىدىكى پەرقنى بىلمىگەن بەزى نادانلار، «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» دېگەنلەرنى «ۋاي ما گوي مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپتۇ» دەپ تىللاپ يۈرۈپتۇ. ئەگەر ۋاقتى-سائىتى كېلىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە بىر چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلسە، خەلقىمىزنىڭ كۆپچىلىكى مۇستەقىل بولۇمىز دەمدۇ ياكى مۇستەقىل بولۇشنى خالىمايمىز دەمدۇ؟

سوئال8: شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ يۇقۇرى بىر پەللىگە كۆتىرىش ئۈچۈن مۇكەممەل بىر خىزمەت تەشكىل قىلىش، تەشۋىقاتنى كۈچلەندۈرۈش، جىددى بىر تەتقىقات مەركىزى قۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ كەلدىڭىز بۇ مەزمۇنلاردا كەڭرەك بىر مەلۇمات بېرىسىڭىز؟

جاۋاپ: بىر مىللەتنىڭ دەۋاسىنى ھۆررا تۇۋلايدىغان خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى بىلەن ئەمەس بەلكى، تەشكىلاتنىڭ نەزىرىيىسىگە، پروگراممىسىغا ۋە مېتودلىرىغا تولۇق ئىشەنگەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ باياناتلىرىغا، دېموكراتىك پىرىنسىپلىرىغا، ياشاپ تۇرغان دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئەڭ ئاز دېگەندە بىر-ئىككى چەتئەل تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان، بىر پىلان، بىر پروگرامما ئىچىدە ھارماي- تالماي ئىشلىيەلەيدىغان، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىلىملىك، پاراسەتلىك ۋە ئىمانلىق ياشلاردىن تەشكىل قىلىنغان مۇكەممەل بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى يۈرگۈزۈش كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا بۈگۈنگىچە قىلىپ كەلگەن ئىشلىرىمىزدىن ئارتۇق بىر ئىش قىلالمىغان، داۋايىمىزنى تېخىمۇ يۇقۇرى كۆتىرەلمىگەن ۋە ئارزۇ قىلغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولىمىز.

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى پروگراممىدۇر. تەشۋىقاتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى بولسا نەشرىياتتۇر.تۈرلۈك تىللاردا داۋاملىق رەۋىشتە نەشىر بويۇملىرىنى بېرىپ قىلماي تۇرۇپ دەۋانى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش، ئۇلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. تۈرلۈك سەۋەپلەردىن بىز ھازىرغىچە نەشرىيات ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىدۇق. نەشىر قىلىنىۋاتقان گېزىت، جورناللارنىڭ ياكى تەشۋىق ۋاراقلىرىمىزنىڭ كۆپى ئۇيغۇر- چە. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ھازىرغىچە ئۆزىمىزنىڭ دەۋاسىنى ئۆزىمىزگە ئاڭلىتىپ كەلدۇق. ئەگەر دەۋايىمىزنى دۇنيا جامائىتىگە ئەڭلىتىمىز، ئۇلارغا قوبۇل قىلدۇرۇمىز ۋە چارە-تەدبىر ئالدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ نەشرىيات، ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆپ ئەھمىيەت

بېرىشىمىز كېرەك.

جىددى بىر تەتقىقات مەركىزىگە ئىگە بولمىغان بىر تەشكىلات قۇرالسىز ئەسكەرگە ئوخشايدۇ. تەتقىقات مەركىزى بىر تەشكىلاتنىڭ مېڭىسى دېمەكتۇر. دۇنيادا، خىتاي، شەرقى تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ھەر تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىپ، تەشكىلاتنىڭ ئىزدەيدىغان قىسقا، ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەسىنى، سىياسىتىنى ۋە خەرىتىسىنى بەلگىلەپ تۇرۇش كېرەك. ئىچى- مىزدە ناھايىتى قىممەتلىك ئالىملىرىمىز بار.كۆپلىگەن چەتئەل دۆلەتلىرى بىزنىڭ بۇ ئالىملىرىمىزنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئەمما بىز ھازىرغىچە ئۇلاردىن پايدىلان- مىدۇق. بۇندىن كېيىن بىز تەتقىقات ئىشلىرىمىزغا زور ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

سوئال9: ھازىر خىتاينى دېموكراتلاشتۇرۇش، خىتاينى قانۇنغا ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئېچىۋېتىلگەن بىر دۆلەت ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە بۇ مەركەزنىڭ سىرتىدا قالدى، سىزنىڭچە ئۇيغۇرلار بۇ مەركەزگە قاتناشسا پايدا بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە بار. بولۇپمۇ كېيىنكى 15 يىلدىن بېرى خىتاينى دېموكراتلاشقان، قانۇنغا ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئۇچۇق- يۇرۇق بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خەلقارادا جىددى پائالىيەتلەر، مۇنازىرىلەر ۋە ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىۋاتىدۇ.

بۇ مەركەزگە چەتئەللىك مۇتەخەسسىلەر، خىتاي دېموكراتلىرى، تىبەتلىكلەر، ئىچكى موڭغۇللۇقلار ۋە ھەتتا تەيۋەنلىكلەرمۇ ئاكتىپ قاتنىشىۋاتىدۇ. بۇ ئىلمى مۇئاكىمە يىغىنىنىڭ ئاخىرقىسى2004-يىلى5-ئاينىڭ6-كۈنى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ كۆتۈپخانىسىدا ئۇيۇشتۇرۇلدى. «خىتاينىڭ نېمىشقا دېموكراتىيەگە ئېھتىياجى بار»- دېگەن سەرلەۋھە- لىك بۇ يىغىنغا ئامېرىكىنىڭ بۇرۇنقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ھېنرىي كىسسىنگېرمۇ قاتناشتى. ياۋروپا بىر- لىكىنى تەشكىل قىلغان دۆلەتلەر بىلەن ئامېرىكا ۋە ياپونىيە خىتاينى دېموكراتلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلماقتا. پەقەت گوللاندىيە 2002-يىلى خىتاينى دېموكراتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ مەركەزگە 1 مىليون دوللارلىق مەبلەغ ئاجراتتى. ئەمما ھازىرغىچە بىز خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن دىئالوگ قۇرغان كىشلەرنى «ۋەتەن خائىنى» دەپ ئەيىپلەپ يۈرۈپ، بۇ مەركەزگە قاتنىشالمىدۇق. بىز تېخى دىئالوگ بىلەن ئىش بىرلىكى ئوت- تۇرىسىدىكى پەرقنى بىلمەيمىز. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «گلاسنوست» ۋە «پېرېستروئىكا» دەپ ئاتىلىدىغان ھەركى- تىنىڭ نەتىجىسىدە 15جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز. ماكياۋېلىنىڭ «دۈشمەننىڭ دۈشمىنى دوستۇمدۇر» دېگەن سىياسىتىنىمۇ بىلمەيمىز. ھالبۇكى، بىزنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىكى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنى زۇلۇمنى ئازايتىدىغان ، ئۇلارنى ئىنساندەك ياشىيا- لايدىغان ۋە بولۇپمۇئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي ئاسسىملاتسىيە بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھەر تۈرلۈك يوللارنى ئىزدەپ تېپىشقا تىرىششىمىز كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بىزنىڭ خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان دېئالوگ ئارقىلىق ئۇلارغا تۈركى خەلقلەر، شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققى تارىخىنى ، مەدەنىيىتىنى ۋە ئۆز تەقدىر- نى ئۆزى بەلگىلەش تەلىپىنىڭ سەۋەبلىرىنى ھارماي-تالماي چۈشەندۈرۈشكە تىرىششىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇلار بۇرمىلانغان تارىخنى ئوقۇپ چوڭ بولغاچقا تۈركى خەلقلەر، شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تارىخنى بىلمەيدۇ. ئاڭلامدۇ- ئاڭلىمامدۇ، قوبۇل قىلامدۇ- قىلمامدۇ، بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، دەۋايىمىزنى خىرىستان دىنىنى تەرغىپ قىلىپ يۈرگەن مىسسيونېرلارغا ئوخشاش داۋاملىق رەۋىشتە ئاڭلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. يەنە شۇنداقلا خىتاي دېموكراتلىرىغا شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇ- قىنى جاكارلىماي تۇرۇپ دېموكراتچى بولالمايدىغان- لىقىنى ۋە ئەگەر شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى تونۇمىغان تەقدىردە دېموكراتىك خىتاي دۆلىتى قۇرۇلغان تەقدىردىمۇ يۇگوسلاۋىيەدە يۈز بەرگەندەك ئىچكى قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنىمۇ داۋاملىق رەۋىشتە چۈشەندۈرۈشكە تىرىششىمىز كېرەك. ئەڭ مۇھىمى بۇ دىيالوگ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە قارشى بولغان ئىنسانلار بىلەنمۇ دىيالوگ ئېلىپ بارالايدىغان مەدەنى بىر مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى دۇنيا خەلقىگە كۆرسىتىشىمىز

كىرەك.

هازىر تەيۋەننىڭ هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دېمۇكرا- تىك خەلق پارتىيىسى 1992- يىلى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىغا (UNPO) ئەزا بولۇپ كىردى. شۇندىن بۇيان مەن ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلىدىم. هازىرقى تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بىيەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن شۇنداقلا باشقا قارشى پارتىيەلەرنىڭ رەه- بەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلدىم ۋە سۆزلەشتىم، ئۇلاردىن تەلىبىم شۇ بولدىكى، «تەيۋەن ئىدىكى سىياسى پارتىيەلەر تەيۋەننىڭ ئۇزۇل-كېسىل مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئىنسان هوقۇق- لىرىغا هۆرمەت قىلىدىغان ،دېموكراتىك بىر قانۇن دۆلىتى بولۇشى ئۈچۈن ناهايىتى كۆپ كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. خىتاي دېموكراتلىرىغا ناهايىتى كۆپ ياردەم قىلىۋاتىدۇ. ئەمما خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتىدە پەقەت خىتاي-لا ياشىمايدۇ. خىتاي تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان تىبەت، ئىچكى مونغۇلىيە ۋە شەرقى تۈركىستان بار. ئەگەر سىلەر هازىردىن باشلاپ شەرقى تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى مونغۇلىيەنىڭ خىتاي تېرىتورىيەسى ئەمەسلىكىنى، بۇ مىللەتلەرنىڭ هەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش هوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە هازىردىن باشلاپ ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇشىڭلار كىرەك».

مۇشۇ پائالىيەتلەرنىڭ بىر نەتىجىسى شۇكى، 1998- يىلى28-فېۋرالدا تەيۋەندىكى قارشى پارتىيەلەرنىڭ باشلىقلىرى ، شەرقى تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى مونغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇغانلىقىنى ئېلان قىلغان بىر هۆججەتكە ئىمزا قويدى. بۇ هۆججەتنىڭ هازىرقى ئەهمىيىتى شۇكى، گەرچە تەيۋەنلىكلەر بولسىمۇ يېقىنقى زامان سىياسى تارىخىمىزدا خىتايلارنىڭ تۇنجى قېتىم شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قانۇنى رەۋىشتە تونىغانلىقى بولۇپ هېساپلىنىدۇ. بۇ هۆججەتنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، خىتاي دېموكراتلىرىنىمۇ مۇشۇ يولغا باشلاش كىرەك. تىبەت خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش هوقۇقىنى تونۇغانلىقىنى ئېلان قىلغان خىتاي دېموكراتلىرى نىمە ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇمايدۇ. چۈنكى بىز تىبەتلىكلەرگە ئوخشاش ئۇلار بىلەن داۋاملىق رەۋىشتە سۆهبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا هەركەت قىلمىدۇق. كىمنىڭ نىمە دېيىشىدىن قەتئى نەزەر، بۇنى مۇتلەق رەۋىشتە قىلىشىمىز كىرەك. بىز «خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن كۆرۈشتى»-دەپ بىر - بىرىمىز بىلەن جېدەللىشىپ يۈرىمىز، ئەجىبا ئىمىشكە «ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ»، دەپ خىتايلارنى بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشتۈرەلمەيمىز؟ بىزنىڭ خارەكتېرىمىز خىتايلاردىن ئاجىزمۇ؟

<u>سوئال10</u>: ۋەتەنداشلارغا قىلىدىغان هەرقانداق بىر تەۋسىيىڭىز بارمۇ؟

<u>جاۋاپ</u>: "قۇرئان-كېرىمدە « قانداق بولساڭ، شۇنداق ئىدارە قىلىنىسەن ۋە بىر قەۋم ئۆزىنى ئىسلاھ قىلمىغىچە ئاللاھ —تائالا ئۇ قەۋمنى ئىسلاھ قىلمايدۇ» دىگەن ئايەت بار ئىكەن. ئەگەر بىز هازىر دۇنيانىڭ ئەڭ ئىپلاس تۈزۈمىنىڭ ئاستىدا قالغان بولساق بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى ئۆزىمىزدىن ئاختۇرۇشىمىز كىرەك. ئەگەر ئۆزىمىزنى بۇ كىسەللەردىن ئازات قىلالايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئاللاھ-تائالا گۇناهىمىزنى كەچۈرىدۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمىشىدە بولغىنىدەك يەنە بىر قېتىم تارىخ سەهنىسىدە شەرەپلىك ئورۇن ئېلىشىقا يول ئېچىپ بېرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلايلى. «قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ بولۇمىز» -دەپ بىر-بىرىمىز بىلەن مەنسەپ تالاشمايلى. بىرىمىزنىڭ قىلغىنىنى -بىرىمىز بۇزمايلى. بىرىمىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى هەممىمىزنىڭ ئۇتىقى، دەپ بىلەيلى. بىر-بىرىمىزدىن قىزغىنىپ گېزىت-ژورنال ۋە ئېنتېرنېتلاردا تىللىشىدىغان ئادەتلەرنى تاشلايلى. «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» قالسۇن. باشقىلارنى تىللاش ئارقىلىق يۈك- سىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەيلى. ئۆزىمىزنى ئەر بىلسەك، باشقىلارنى شىر بىلەيلى. دەۋايىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ شەخسى مەنپەئەتلىرىدىن ئۇستۇن تۇتايلى. ئۆلگەن ۋە ئۆزىنى مۇداپىيە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تېپىپ يۈرۈشنىڭ دىنىمىزدا بىر گۇناھ بولىدىغانلىقىنى بىلەيلى. قوبۇل قىلمىساقمۇ بىر-بىرىمىزنىڭ پىكرىگە هۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنەيلى. «پىكىر»دىگەن سۆزنىڭ مەناسى، هەقىقەتلەرنى كۆرۈش قابىلىيىتى دىگەنلىكتۇر. ئەگەر بىر ئىنساندا هەقىقەتلەرنى كۆرۈش قابىلىيىتى بولمىسا ئۇنىڭ پىكرىنىڭمۇ هەقىقەتلەر بىلەن ماسلىشالمايدىغانلىقىنى ، هەقىقەتلەر بىلەن ماسلىشالمىغان

پىكىرلەرنىڭ خام خىيالدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ، خام خىيال بىلەن يولغا چىققان تەقدىردە بۇنىڭ دەۋايىمىزنى كۆپ زىيانغا ئۇچرىتىپ قويۇدىغانلىقىنى بىلەيلى. ئۆزىمىزنى«ھېرىس»، «ئارزۇ»، «شۆھرەتپەرەسلىك»، « مەنپەئەتپەرەسلىك » ۋە «مەنسەپپەرەسلىك»كە ئوخشاش كىسەللەردىن ئازات قىلايلى. نىمىس پەيلاسوپى شوپىنخاۋېر مۇنداق دىگەن: « ئىنسانلار يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەن ھېرىس، ئارزۇسىنىڭ ئەسىرىدۇر». ئەگەر بۇ ئىنسانلار ئۆزىنى بۇ كىسەلدىن قۇتۇلدۇرالمىسا ھېچ قاچاندا مەدەنىيلىشەلمەيدۇ. ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىرى بولغان ئىلىيا بەختىيا مۇنداق يازغان:

ۋاھ، دوسلار ئاداشماڭلار، ئاداشماڭلار،

ئۇلۇغ تارىخ يولىدا چاتاشماڭلار.

مەن 1993–يىلى «شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى قانداق جانلاندۇرۇش كىرەك؟ » دىگەن بىر ماقالا يازغان ئىدىم. بۇ ماقالامدا چەتئەلدىكى پۈتكۈل تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ باشلىقلىرىنىڭ، ئالىملىرىمىزنىڭ، يۇرت چوڭلىرىمىزنىڭ زىيالىلىرىمىزنىڭ، دىن ئالىملىرىمىزنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، بۇنىڭدىن قىيىن ئىزدىنىدىغان سىياسەت، ستراتىگىيە ۋە تاكتىكىلارنىڭ پىلان، پروگرامما ۋە يول خەرىتىسىنى بەلگىلەپ چىقىش كىرەكلىكىنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. ئەمما ئارىدىن ئۆتكەن بۇ ئۇزۇن يىللار ما بەينىدە ھېچكىم بۇ تەكلىىمگە قىزىقمىدى. بەلكى ياشلىرىمىز بۇنداق بىر يول ئىزدەشكە تىرىشسا دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

<u>سۇئال11</u>: بۇنىڭغىمۇ قارىماي بەزى كىشىلەرنىڭ سىزنى «ئاپتونومىيەچى»دەپ قارىلاشقا تىرىشىشۇاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى نىمە؟

<u>جاۋاب</u>: بۇلارنىڭ مىنى نىمىشقا «ئاپتونومىيەچى» دەپ قارىلاشقا تىرىشۇاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. چۈنكى ، مەن ھازىرغىچە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن «بىزگە ئاپتونومىيە بېرىڭلار »دەپ تەلەپتە بولغان ئەمەسمەن. مىنىڭ بۇنداق بىر تەلەپتە بولىدىغان سالاھىتىممۇ يوق. شەرقى تۈركىستان خەلقى «ئاپتونومىيە تەلەپ قىل» دەپ ماڭا بىر ھوقوقمۇ بەرگەن ئەمەس. پەقەت مەنلا ئەمەس، چەتئەلدە ياشاۋاتقان بىز ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىگە ئۆز كۆز قارىشى، پىكرى ياكى تەلەپلىرىمىزنى زورلاپ تاڭىدىغان ھوقوقىمىزمۇ يوق. چۈنكى چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بىز ئۇيغۇرلار ، ئانا ۋەتىنىمىزدىكى خەلقىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىمىز. كۆپىمىز دېموكراتىك دۆلەتلەردە ياشايمىز. دېموكراتىيەدە ئازچىلىقنىڭ كۆپچىلىككە پىكرىنى زورلاپ تېڭىش ھوقوقى يوق. ئەسلىدىنمۇ مىنىڭ «ئاپتونومىيە» تەلەپ قىلىشىمنىڭ نىمە زۆرۈرىيىتى. ھازىر شەرقى تۈركىستان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى »دەپ ئاتالماقتا، بۇ بار نەرسىنى مەن نىمە دەپ يەنە تەلەپ قىلاي. ئەگەر مىنى «ئالى ئاپتونومىيە »تەلەپ قىلىۋاتىدۇ دىيىلسە ، بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋاپ ، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستانغا ھېچقاچان ئالى ئاپتونومىيە بەرمەيدۇ. چۈنكى ، خىتاي ھۆكۈمىتى «ئالى ئاپتونومىيە» نى مۇستەقىللىقنىڭ بىرىنچى قەدىمى دەپ قارايدۇ. خىتايدا ھازىر شەرقى تۈركىستاندىن باشقا يەنە 4 ئاپتونوم رايون بار. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستانغا ئالى ئاپتونومىيە بەرسە ، باشقا ئاپتونوم رايونلارمۇ ئالى ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈكىستاننى 2000 يىلدىن بىرى ئۆزىنىڭ تېرتورىيەسىدە بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستانغا ئالى ئاپتونومىيە بەرسە، ئۇ چاغدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاننى 2000 يىلدىن بىرى خىتاي تېرتورىيەسىدە دىگەن ئىدىيەسىمۇ يوققا چىقىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرغىچە تېبەتلەرنىڭ ئالى ئاپتونومىيە تەلىپىگە ھېچبىر جاۋاپ بەرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

خەلقارا ھوقۇق ، ئالى ئاپتونومىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى–ئالى ئاپتونومىيە بىرىلىدىغان تېرتورىيەدە چەتئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ بولماسلىق شەرتىنى قوشىدۇ. دىمەك، ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستانغا ئالى ئاپتونومىيە بېرىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا شەرقى تۈركىستان–دىكى پۈتۈن ئەسكىرى كۈچلەرنى يۆتكەپ ئېلىپ چىقىپ كىتىشى كىرەك. خىتايلار بۇنىڭغا رازى بولامدۇ؟ ئەرگىز!

بۇ شەرتلەر ئاستىدا مەن نىمىشقا «ئالى ئاپتونومىيە تەلەپ قىلاي؟ مەن ئاخماقمۇ؟ مىنى ئاخماق دەپ ئويلىغان ئاخماقلارغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ :

بىلىگ بىل،كىشى بول،بەدۇتكول ئۆزۈن .

يا يىلقى ئاتالغىن،كىشدىن يىراق.

(بۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى: ئىلىم ئېلىپ ئۆزەڭنى يۈكسەلتكىن، ياكى ھايۋان ئىسمىنى ئېلىپ، ئىنسانلاردىن يىراقلاشقىن)،– دىگەن سۆزىنى ئاتىدىم.

# سەن نېمە كويدا، مەن نېمە ئويدا...؟

سىدىقهاجى روزى (ئامېرىكا)

ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى:

هۆرمەتلىك تەھرىر:

قولىڭىزدىكى بۇ ماقالىنى 1996-يىلى تۈزۈتۈپ قولدىن چىقىرىپ،خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خىتاي بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن ئىدىم. ماقالەم گېزىتتە ئېلان قىلىنمىدى.

...1996-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى ئامېرىكىغا كېلىپ سىياسى پانالىق تىلەشكە مەجبۇر بولدۇم.ئائىلەم رابىيە خېنىم بۇ ماقالىنى كومپيۇتېردا ئۇردۇرۇپ، كىتابچە قىلىپ جەمئىيەتكە،ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تارقىتىپ بەرگەن ئىدى.ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنى جىنايەت ھېساپلىنىپ، سوراق قىلغاندا بەلكى ئۇستەل ئۈستىگە قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان خې فۇلىن خىتاي كىشى. ئەسلى ئۇ «شىجاڭ گېزىتى »خىتاي بۆلۈمىنىڭ باش تەھرىرى ئىدى. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»غا باشلىق بولۇپ يۆتكەلگەندىن كېيىن يوقارقى ماقالىنى يازغان. ماقالە خىتايچە «شىنجاڭ گېزىتى»دە 4 بەتتە، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»دە 6بەتتە ئېلان قىلىنغان ئىدى. مەن خې فۇلىنغا بۇ رەددىيەنى بەرگەن ئىدىم.

بۇ قېتىم سىزنىڭ تەھرىرلىكىڭىز ئارقىلىق مەتبۇئات يۈزىگە چىقىدىغان بولسا، تەھرىر ئەپەندىم، بۇ ماقالەم تۇنجى قېتىم مەتبۇئات يۈزى كۆرگەن بولىدۇ.

سىدىقهاجى روزى

2004-يىلى 11-ئاينىڭ 28-كۈنى

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1995-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈندىكى سانىدا ھۆرمەتلىك خې فۇلىن جاناپلىرىنىڭ «ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتەيلى» سەرلەۋھەلىك ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىنى ئوقۇپ چىقىپ، خې فۇلىن جاناپلىرىغا جاۋاپ قايتۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم. زامان ئەخلاقى بويىچە ئېيتقاندا بىر «ئۇلۇغ ئەرباپ » نىڭ نەزىرىيىگە

جاۋاپ قايتۇرۇش «يولسىزلىق»، «ئەدەپسىزلىك » بولاتتى. ئەمما ئۇيغۇرلاردا «سۆزگە سۆز كەلگەندە ئاتاڭدىنمۇ قايتما» دېگەن سۆز بار ئىدى. شۇ سۆزنىڭ روھى بويىچە خې فۇلىن جاناپلىرىغا جاۋاپ قايتۇرۇشنى، جاناپلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا رەددىيە بېرىشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى مەن ئۇيغۇرمەن، ئۇيغۇر خەلقىنى ھاقارەتلەشكە قاراپ تۇرالمايمەن.

كىلىشىۋالايلۇق، 40 يىلدىن بىرى خې فۇلىندەك كىشىلەر يازغان ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار شۇ تەرىقىدە جاۋاپسىز قېلىۋەردى. چۈنكى، ئۇ يىللاردا جۇڭگودا قانۇن يوق ئىدى. ھازىر ئاغزىدا بولسىمۇ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكىتلىمەكتە. جۇڭگودا تۈزۈلگەن قانۇن ۋە قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن «ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر» دېگەن بىر ئىبارىنى يادلىۋالغان ئىدىم. خې فۇلىن يازغان بۇ مەسىلە بىر ئادەمنىڭ قانۇنلىق، ھوقۇقلۇق بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. مەنمۇ خې فۇلىندەك قانۇنلۇق، ھوقۇقلۇق ئادەممۇ؟ خې فۇلىننىڭ مەتبۇئات ھوقۇقى بار ئىكەن، دېمەك مېنىڭمۇ بولۇشى كېرەك. «بولۇش كېرەك» دېگەن بۇ سۆز بۇ يەردە« قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئىبارىنىڭ توغرىلىقى ياكى ساختىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىن-بىر ئۆلچەم بولۇپ قالىدۇ.

گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. جاناپلىرى ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا «مىللى رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىشقا قانداق قاراش جەھەتتە شىنجاڭدا ئىككى خىل قارمۇ-قارشى كۆز قاراش مەۋجۇت. 1-خىل قاراشتىكىلەر: «دۆلەتنىڭ مىللى

رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىش، مىللىي رايونلارنىڭ ئىختىسادىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ»-دەپ قارايدۇ. يەنە بىر خىلدىكىلەر : «دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىش، تالان-تاراج قىلىشنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ-دەپ قاراپ، دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقىنى ئېچىشقا قارشى تۇرۇدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئەنە شۇنداق ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلىدۇ»، دېيىلگەن. مېنىڭ قارىشىمچە 1-خىل قاراشتىكىلەر، 1-ئابزاسنىڭ مەزمۇنىدا خې فۇلىن جاناپلىرى بۇددا رايىپلىرىنىڭ ۋە ز-نەسىھەتلىرىدىن يىراقلاپ كېتەلمىگەن. 2-خىل قاراش،2 -ئابزاسنىڭ مەزمۇنى كىشىلىك ھوقۇققا ئالاقىدار مەسىلە ئىكەن. چۈنكى

جاناپلىرى جۇڭگونىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى ھەربىر ئۆلكىگە ئۆلكە ھوقۇقىنى بەرگەندە مىللىي رايونلارغا «ئاپتونوم رايون» يەنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دەپ ھوقۇق بەرگەن ئەمەسمۇ؟ «ئاپتونوم» رايوننى ئادەتتە ئۆلكىدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگان دەپ بېكىتىپ بەرگەن ئەمەسمىدى. شۇڭا ئېچىش مەسلىسى «شىنجاڭنى ئۇيغۇرلار ئېچىش كېرەكمۇ ياكى كۆچمەنلەر ئېچىش كېرەكمۇ، دىگەن مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. خوش، شۇنداق ئىكەن سىچۇەن، جاڭسۇ، خېنەن ئۆلكىلىرىنىڭ نېفىت قازغۇچىلىرى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، ئېلى ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى... نېفىتلىكىگە كېلىپ چۈشتى. نېفىت قېدىرىش ۋە قېزىشنى باشلىۋەتتى. بۇنداق ئېچىشنى قانداق چۈشۈنۈش كېرەك؟ «ئاپتونوم »رايوندىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆلكىلەرئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن قانداق ھوقۇقلارغا تايىنىپ، مەمۇرى جەھەتتە ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقۇرى تۇرىدىغان «ئاپتونوم رايوننى ئېچىش» ھوقۇقىغا ئىرىشىۋالدى؟ ئۇتتۇزۇلگەن قانۇنلاردا بۇ توغرۇلۇق كونكرىت بىر ماددا يوق ئىدىغۇ؟ نەتىجە نىمە بولدى؟ نېفىت ئېتىلىپ چىققان رايونلاردا ئەلمىساقتىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار يەرلىرىنى بوشۇتۇپ بېرىشكە، ئۆيلىرىنى چېقىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ياكى يەر ۋە ئۆيلىرىنى مەجبۇرى سېتىپ بېرىپ، ئېرىشكەن پۇلىنى يەنە خۇنەنلىك خوجايىنلارنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ، يۇرت-ماكانىنى تاشلاپ بېرىپ سەرگەردان بولدى. شىنجاڭنى ئاچقۇچىلار ئىقتىسادى مەنپەئەتكە ئىگە بولدى . لېكىن، بۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنى بېيىتىش»، «شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» بىلەن زادى نىمە ئالاقىسى بار، جاناپلىرى؟ ئەلبەتتە ئالاقىسى بار، نېفىت ئېچىش بېجىنى شىنجاڭ مالىيىسى تۆلىدى. سۇغا چۈشتى جاڭ لويى.......ۋاڭ لويى....دىگەن شۇ ئەمەسمۇ جاناپلىرى!

«ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلىدىغان» مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، ئاساسىي قانۇندا گىراژدانلىق ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنغان ھەرقانداق پۇقرانىڭ ئىقتىسادى مەنپەئەت تەلەپلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى. شۇڭا مەسىلەن ئەمگەك، ئەمگەك جەريانى، ئەمگەك شارائىتى، ئەمگەك مەقسىدى، مىللىي دارامەتنى تەقسىم قىلىش، ھوقۇق تەقسىماتى، نېفىت چىققان . رايونلاردا سالاھىيەتلىك ئىشچى بولۇش، خام ئەشيا ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئۆز ھوقۇقى دائىرىسىدە بىر تەرەپ قىلىش مەنپەئەت ھوقۇقلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئاز-تولا لوگىكىدىن

خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايانكى، پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلمىسا بۇنداق پۇقرانى شۇ دۆلەتنىڭ ھەققى پۇقراسى دىيىشكە بولمايدۇ. بۇ مەسىلە ئۆز نۆۋىتىدە ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىدەك پۇقرالىق مەجبۇرىيەتنىلا ئېتىراپ قىلىپ، پۇقرالىق مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىكەن ، دېمەك كىينكى ئەھۋالدا پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتىلا ئېتىراپ قىلىنىپ ، ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ خې فۇلىن جاناپلىرى؟!

پىچان ناھىيىسىدە، بۈگۈر ناھىيىسىدە نېفىت رايونى ئېچىلىۋېدى، كۆچمەن نېفىتچىلەر ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرى ئوخشاشلا ئېتىراپ قىلىندى. قوغلاپ چىقىرىلغان ئەسلى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشچى بولۇش جەھەتتىكى بەھرىمەنلىك ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنمىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئابستراكت پۇقرالىق ھوقۇقلا ئېتىراپ قىلىندى- دىگەن سۆز. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار «مەن بۇ زىمىندا ئاتام زاماندىن ياشاپ كېلىۋاتىمەن كۆچۈپ بەرمەيمەن، مۇشۇ يەردە قېلىپ نېفىت ئىشچىسى بولىمەن دىيەلمىدى»، چۈنكى بۇنداق دىيىشكە ھەققى بولىسمۇ، ھوقۇقى يوق ئىدى. ئېتىراپ

قىلىنغىنى پەقەت مەجبۇرىيەت بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مەجبۇرىيەت قىسمى –سۆزسىز كۆچۈپ بېرىشلا ئېتىراپ قىلىندى خالاس. ئەنە شۇنداق زىددىيەتلەر(گەرچە بۇ زىددىيەتلەرنى مىللىي زىددىيەت دېيىشكە تىلىمىز بارمىسىمۇ) ئۆتكۈرلەشتى. لېكىن بۇ زىددىيەتلەر 40 يىلدىن بىرى «پۈرولېتارىيەت مەنپەئەتى»، «كوللېكتىپ مەنپەئەتى »، «دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى» دېيىلگەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشقىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان ئابستراكت مەنپەئەت ئاتالغۇسى بىلەن نىقاپلاندى. بۇ نىقاپنىڭ دائىرىسىدە بىر مىللەت باي بولىدىغان مەسىلەن: «كىشىلەرنىڭ (كۆچمەنلەرنىڭ)بىنالاردا ئولتۇرۇشى ئۈچۈن سېمونت، خىش، ئەينەك ماتېرىياللىرى ، پولات ماتېرىياللىرى سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش كىشىلەرنىڭ (كۆچمەنلەرنىڭ )ئاپتوموبىلغا، ئايروپىلانغائولتۇرۇشى ئۈچۈن ئاپتوموبىل ۋە پولات–تۆمۈر سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك» بولۇپ قاپتىمىش. دېمەك «شىنجاڭنى ئېچىشتىكى مەقسەت، ئەنە شۇ سانائەت تۈرلىرىنى قۇرۇش كېرەك ئىكەن. خې فۇلىن جاناپلىرى سىز سانائەت تۈرلىرىنى قايسى يەرلەردە قۇرماقچى. قولغا چىققان نەرسىنى شىنجاڭدىن توشۇپ كىتىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ، خې فۇلىننىڭ ئەسلى ماكانىدا قۇرماقچىمۇ ياكى ئالاھىدە شاپائەت كۆرستىپ شىنجاڭدا ، قەشقەردە ياكى غولجىدا قۇرماقچىمۇ؟ئىشچى كۈچىنى قەيەردىن ئالماقچى؟ ئەپسۇسكى، خې فۇلىن جاناپلىرى كونكرېت بىر نەمە دېمەيدۇ. دېمەك يوقارقى نىقاپلار ئىچىدە بىر مىللەت بۇلارنى راۋاجلاندۇردى، ئاز سانلىق مىللەت دېگەن ھاقارەتلىك نام بىلەن ئۆز ۋەتىنىدە ئاز سانلىق بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلار بولسا ھازىرغىچە ئىپتىدائى دېھقانچىلىق يەنى «كەتمەن بۇقۇسا....... مەدەنىيىتى» شارائىتىدا ياشاپ كەلمەكتە.

تۇرمۇشنىڭ قاشاقلىقى ياكى ئۇيغۇرلارنى سانائەت مىللىتىگە ئايلاندۇرىمىز، دېگەن شۇئارنىڭ ساقتىلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا ئىككى ئېغىزسۆز–سۆزلەشكە جۈرئەت پەيدا بولغان بولسا خې فۇلىن جاناپلىرى سىلەر دەرھال ئۈتتۈرىغا چىقىپ «سىنىپىي كۆرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى »، «مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۈتقۇيرۇقلۇق قىلماقتا» دەپ جار سالدىڭلار. بۇ شۇئارلار ئازسانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت دائىرىسىدىكى مەنپەئەتدارلىقىنى قانۇنلۇق تەلەپ قىلىشقىمۇيول قويمىدىڭلار. ئۇغۇ ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا كومىنست پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى «ھىمايە » قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھىساپلانغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپ چىقىرىشىغىمۇ ئىقتىسادى مۇمكىنچىلىك بەرمىدىڭلار. ئاتالمىش ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرىنى تۆرگە چىقىرىپ ، بىرنى پەگاغا چۈشۈرۈپ ، بىرىنى يېنىڭلارغا تارتىپ، بىرىگە زەربە بېرىپ ئۇيغۇرلارنى ئىقتىساد ساھاسىدىن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ھازىرقى زامان تېخنىكىسىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، چەتكە قېقىپ ، چوڭ مىللەتچىلىك تەرغىباتىنى ۋە ئەمەلىيىتىنى «سولچىللىق ۋە مەجبۇرلانغان» مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن نىقاپلاپ، مۇددىئا ۋە مەقسەدىڭلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭلار ئۈچۈن سىياسەتنى ۋە تۈرلۈك قانۇنلارنى ئۆزگەرتىپ ياكى سىياسەتنى قانۇننىڭ ئۈستىگە دەسسىتىپ ، ئېغىز بۇرۇن يالىشىپ ئۆزۈڭلار تۈزگەن قانۇننى ئۆزۈڭلار دەپسەندە قىلدىڭلار. جاناپلىرى ماقالىسىدا نىمە ئۈچۈنكى بۇ توغرۇلۇق توقتالماي پەقەت مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۈستىدە توقتۇلۇشقا قىزىقىپ كەتتىڭىز؟ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەتلا يۇقرالىق مەنپەئەتلىنىش ھەققى يوق، مەجبۇرىيىتىلا بار، ھوقۇقى يوق دېگەنلىكمۇ ئەمەندىم. ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت دېھقان بولۇش ، چارۋىچى بولۇش سالاھىتىلار بار، باشقا سالاھىيتى يوق –دېگەنلىكمۇ ئەمەندىم؟ جاناپلىرى ماقالىسىدا سېۋىت ئىتتىپاقى تىلغا ئېلىنىپ: سابىق سېۋىت ئىتتىپاقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تۇلۇقلىما سودا شەكلى ئارقىلىق 28 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق چەتئەل مەبلىغى كىرگۈزۈپ 60 نەچچە نوقتىلۇق سانائەت تۈرىنى قۇردى، دەپ تىلغا ئاپتۇ. قارىغاندا سىز سابىق سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ يولىدىن ماڭىدىغاندەك قىلىسىز ۋە ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگىنىدىغاندەك تۇرىسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت . لېكىن بۇ يەردە ئۆگەنگۈچى مىللەتنىڭ ئەخلاقىدا ئۆگەتكۈچى مىللەتنىڭ ساپاسىدەك ساپا بولۇشى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولۇشى لازىم. سېۋىت ئىتتىپاقىدا بار بولغان جۈرئەتلىك ئەخلاقنى ئۆزىدە يوق مىللەتلەر ئۆگىنىپ تۇلۇقلىما بەلكى زۇرۇر تۇلۇقلىما قىلىۋالسا ، بۇ ئەلۋەتتە ئەرزىيدىغان ئىش. ئۆزەمنىكىنىلا راس، ئۆزەمنىكىنىلا ئەلا دەپ تۇرۇۋېلىش فىيودال كۆرەڭلىك، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆڭۈلدىكىدەك مەنزىلگە ئېلىپ بارالمايدۇ. سىز تىلغا ئالغاندەك سېۋىت ئىتتىپاقى پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا

(مۇستەملىكىسى)ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە نىمە ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن؟ بۇ توغرۇدا توختالماپسىزغۇ؟! ئاسفالىت يوللارنى ياساپ بەرگەن ، خام ئەشيانى توشۇپ كىتىش بىلەنلا قالماي ئىنساپلىقراق بولۇپ بۇ ئۆلكىلەرگە ئىغىر سانائەت ۋە يىنىك سانائەت تۈرلىرىنى قۇرۇپ بەرگەن . يەرلىك خەلقنى چەتكە قاقماي ئىشچىلىققا، كادىرلىققا ، باشقۇرۇشقا، ئىلمى تەتقىقات ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى رۇس مىللىتىنىڭ ساپاسىغا تەڭلەشتۈرگەن. ئەزەلدىن قالاق مىللەتلەرگىمۇ ھىچ بولمىغاندا كاستيۇم كىيىشنى ئۆگەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىكىلوگىيەسىنى بۇزىۋەتمىگەن، تاغ ۋە باغلىرىدىكى دەل-دەرەخلەرنى كىسىپ تۈگىتىۋەتمىگەن. قىسقىسى مىللەتلەر تەبىئەتكە ئاتا قىلغان مىللى ئالاھىدىلىكنى يوقۇتۇشنىڭ كويىدا بولمىغان. سىۋىتلەر يەرلىك مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىپ سىلىنغان تۇرالغۇ ئۆيلەرگە ئاۋال يەرلىك خەلقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاشقاندىن كيىن قىسمەن كۆچمەنلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن. مانا بۇ خام ئەشيانى ئىلىش ۋە يۆتكەش يەرلىك خەلقنىمۇ رازى قىلىش، ئىچكى روسيەدىكى سانائەتنىڭ تەلىپىنىمۇ قاندۇرۇش دىگەنلىكتۇر. جاناپلىرى بۇ جۈملىلەرنى ئوقۇۋاتقاندا ئۆزى يازغان تۆۋەندىكى جۈملىلەرگىمۇ ئىتبار بىلەن قارىغانمىدۇ؟ دەپ ئويلايمەن.

«بىز دۆلەت پىلانىنىڭ يىتەكچىلىكىدە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات ئىھتىياجىغا ئاساسەن ئۇيغۇردا ياتقان بايلىقلارنى ۋاقتىدا ئويغۇتۇپ ئۇلارنى زامانىۋى قۇرۇلۇش ئۇچۇن نۇر ۋە ئىسسىقلىق بىرىدىغان ،خەلققە بەخت يارىتىدىغان قىلىشىمىز لازىم » دىگىنىڭىزدە يەنە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قىلىسىز. يەنى «ئۇيقۇدا ياتقان بايلىقلارنى ئىچىش» دىن ئاۋال «ئىسلاھات » ، «تاۋار ئىگىلىكى ۋە بازار ئىگىلىكى» دىگەن گىپىمىزدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇخلاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىمۇ ئويغۇتىشىمىز كىرەك. - دەپ قارىمايسىز.ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى دەۋرىدە تاۋار ئىگىسىنىڭ ئۆسۈپ يىتىلىۋاتقانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەنپەئەت ئىگىسىگىمۇ ئۆسۈپ يىتىلىۋاتقانلىقىنى زادى تىلغا ئىلىشنى خالىمايسىز. ئالىسىز، لىكىن بۇنى تومتاقلا «مىللى بۆلگۈنچى مىللى بۆلگۈنچى» - دەپ قارىلايسىز، جاناپلىرى؟ بۇ خىل پوزىتسىيە بىر زىيالىدا ياكى بىلىم ئىگىسىدە بولۇشقا تىگىشلىك پوزىتسىيەمۇ؟

دۆلەت پىلانىغا كەلسەك «دۆلەت پىلانى، دۆلەت خارەكتىرى ، دۆلەتنىڭ سىياسى تۈزۈمى، شۇ دۆلەتنى تەشكىل قىلغان ئاساسلىق مىللەتنىڭ ئىندىۋىدال تەبىئىيتى ۋە ئەخلاقى ئەقىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇدۇ.ئۇنىڭدىن باشقا بۇ دۆلەت چوڭ مىللەتنىڭ خىلمۇ -خىل مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەگەر بۇ دۆلەتتە ئاتالمىش ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشايدىكەن، بۇ مىللەت سىياسى تەشكىللىنىش، ئىجتىمائى ئورنى، قانۇنلۇق مەنپەئەتلىرى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولمايدىكەن ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى قۇرۇق تەلەپ دائىرىسىدە قىلىپ ، بۇ مىللەتلەر ئىپتىدائى قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ مىللەت ياشاۋاتقان، شۇ مىللەتكە تەۋە بولغان ۋەتەن ۋە زىمىنىنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقىنى ئىچىش ئاچقۇچى مىللەتكە «نۇر ۋە ئىسسىقلىق بەرسە ئىچلىغۇچى مىللەتلەرگە ئاپەت ۋە مەھكۇملۇقنى ئاتا قىلىدۇ. تارىخنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغانلا بولسىڭىز بۇ قائىدىلەرنى ياخشى بىلىسىزلا ئەمەس، بەلكى شۇ قائىدىلەر بويىچە ئىش كۆرىسىز.

جاناپلىرى خې فۇلىن ئەپەندىنىڭ تىلغا ئىلىشچە، جانابىڭىز تەۋەسىدىكى بەزى مۇتەخەسسىلەر «ئوتتۇرا، غەربى قىسمى رايونلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى تىزلىتىش ئىككىنى ئالماشتۇرۇش ستراتىگىيەسىنى پائال يولغا قويۇشنى، ئوتتۇرا، غەربى قىسمىنىڭ زىمىن ، بازار يۇشۇرۇن كۈچىنى ۋە مول تەبىئى بايلىق ئۈستۈنلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى كاپىتال قىلىپ، شەرقى دىڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ بولۇپمۇ چەتئەللەرنىڭ مەبلىغى ۋە تىخنىكىسىغا ئالماشتۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، يىتەرسىزلىكنى تولۇقلاپ، يۇشۇرۇن ئىقتىسادى ئىقتىدارىنى رىئال ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىپتۇ»مىش. دىمەك، «بازار بىلەن بايلىققا »، «مەبلەغ بىلەن تىخنىكىنى ئالماشتۇرۇش »نى كۆڭۈلگە پۈكۈپسىلەر «بازار»ئۇيغۇرلارنىڭ سىتىۋىلىش كۈچى تەييارلىغان بازار. ئۇيغۇرلار تەييارلىغان بازارنىڭ ئىستىمال تەلەپلىرى يۇقۇرى بولمىسىمۇ يەنىلا «سىتىۋىلىش كۈچى» پىلانلىق، مەقسەتلىك چەكلەنگەن تەرەققى قىلدۇرۇلمىغان «بازار »ئىدى. بايلىق بىلەن ئىستىمال تەلەپلىرى ۋە سىتىۋىلىش كۈچىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئوڭ تاناسىپ بولمىغان «بازار» نىڭ سۈبىكتى ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق بولغان يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقنى سىز كاپىتال

ئورنىدا، خام ئەشيا شەكلىدە شەرقى دېڭىز بويلىرىغا يۆتكىمەكچى بولىۋاتىسىز؟ ئۇ يەردە سانائەت تۈرلىرى پىشقىلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كىلىپ يۇقۇرى باھادا ساتماقچى بولۇۋاتىسىز؟ شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى نامراتلاشتۇرۇش، مىللى روھىنى زەئىپلەشتۇرۇش، زامانغا لايىق ھەرقانداق تەلەپلىرىنى بۇشىگىدىلا بوغۇپ تاشلىماقچى بولىۋاتىسىز. مەقسەت شۇنداق ئەمەسمۇ خې فۇلىن جاناپلىرى؟

بايلىق شىنجاڭنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بايلىقى، لىكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقى دېڭىز بويلىرىغا، ئوتتۇرا ئاسيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە يۆتكەپ سېتىش ھوقۇقى يوق. «تېخنىكا ۋە مەبلەغ » سىزنىڭ قارىشىڭىزچە دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭمىش، مىنىڭ قارىشىمچە تېخنىكا غەرپنىڭ تېخنىكىسى . دېڭىز بويلىرىدا ئىشلىتىپ كونىراپ كەتكەن تېخنىكا (خۇددى شاڭخەيدە شاللىۋېتىلگەن توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىنى شىنجاڭغا ئەكىلىپ ساتقاندەك )تېخنىكىلا ئەمەس، شۇ باھاندا بىر تۈرگە ماسلاشتۇرۇپ 10 مىڭلىغان كۆچمەنلەرنى كۆچۈرۈپ كىلىش تېخنىكىسى؟ «مەبلەغ» قەيت قىلىشقا بولىدىكى، دېڭىز بويىدىكى رايونلار شىنجاڭ رايونىغا مەبلەغ سالمايدۇ. ئەكسىچە شىنجاڭ رايونىدا ئوبوروتقا قاتنىشىپ، بايلىق يارىتىدىغان پۇلنى شاڭخەيگە ، شىنجىنغا ۋە خەينانداۋغا مەبلەغ قىلىپ سالىدۇ. بانكىلارنىڭ يۇرتى ياكى شاڭخەي ياكى سەندۇڭ، ئۇلار چۇقۇم شۇ يەرنى تەرەققى قىلدۇرۇدۇ.ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىرىشەلىسىمۇ -ئىرىشەلمىسىمۇ تۇرمۇشى ئۆتتۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نىمە زۆرۈرىيىتى بار؟ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دىگەن قالپاقنى كەيگۈزۈپ قويۇشتىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈش بولامدۇ؟ ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان يېزىلاردا «يېزا -بازار»»كارخانىلىرى قۇرۇلدى. چۈنكى خې فۇلىن جاناپلىرى بۇ خەلقنىڭ ساۋادى يوق، ئىشەنگىلى بولمايدۇ-دەپ قاراپ، بانكىدىن پۇل قەرز بىرىشنى لايىق تاپمىدى. ئەمەلىيەتتە ھوقۇقى يوق دەپ قاراپ كۆڭلىدە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ باي بولۇشنى قارار تاپمىدى. پاكىتلار ئاساسىدا جانابى خې فۇلىن تىلغا ئالغان مۇتەخەسسىلەرنىڭ «ياخشى كۆڭلىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار «ئىككى ئالماشتۇرۇش لاھيەسىدىكى تېخنىكا ۋە مەبلەغنى يۆتكەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي شىنجاڭنىڭ مالىيە- ئىقتىسادىنى ۋە مەركەز ئاجرىتىپ بەرگەن شىنجاڭدا ئوبوروتقا قاتنىشىدىغان پۇلنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ ئىشلەتمىسە ئاتالمىش ئاز سانلىق مىللەت ئۇيغۇرلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن بولامدۇ. خې فۇلىن جاناپلىرى شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، پۇلنى شاڭخەيگە، خەينەنداۋغا مەبلەغ قىلىپ سېلىپ بىرىپ، ئۇسۇمنى شىنجاڭلىق تۆلەيدىغان ئىش يۈز بەرمىسۇن يەنە؟ خۇددى دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن پۇلنى بىگىتۇەن خەجلەپ ئۇسۇمنى ئۇيغۇرلار تۆلىگەندەك... مۇتەخەسسىلىرىڭىزگە ئېيتىپ قويۇڭكى ، چۇشىدە ھازىر بولغان نەرسىلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىمەن -دەپ ئاۋارە بولمىسۇن؟ رېئاللىق ھامىنى بىرىپ ئۆزى تەڭشەيدۇ. رېئاللىققا بۇنداق ئىقتىدار يۇشۇرۇنغان بولمىسا ئۇنى كىم رېئاللىق -دەپ ئاتىغان بولاتتى؟

«بايلىق ئۇستۇنلۇكى نۇرغۇن مەبلەغ ، پەن -تېخنىكا ۋە ئەمگەك كۇچىنى سېلىنما قىلىپ سېلىش ئاساسىدىلا ئىقتىسادى ئۇستۇنلىككە، مەھسۇلات ئۇستۇنلۇكىگە ئايلىنىدۇ.» ئەمگەك كۇچىنى سېلىنما قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك ،خې فۇلىن جاناپلىرى بۇ يەردە ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئېشىندى ئەمگەك كۇچلىرىنى ، يەرلەرنى كۆچمەنلەرگە ئىجارىگە بېرىۋېتىپ ئىشسىز قالغان ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتتىمۇ ياكى بىر ئۇرچۇقنى شاڭخەيدىن يۆتكەپ كەلسە 10مىڭ ئىشچىسى بىرگە كىلىدىغان كۆچمەن ئاقۇنلارنى كۆزدە تۇتتىمۇ ؟بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ.

«تاۋار ئىگىلىكى دۇنياسىدا خېرىدار ۋە بازار خۇدا ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر شىنجاڭنىڭ مول بايلىقلىرى شىنجاڭنىڭ بازىرىدىلا چەكلىنىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكە بازارلىرى ۋە خەلقارا بازارلارغا كىرىشكە يول قويۇلمىسا شىنجاڭنىڭ بايلىقنى مەڭگۇ كەڭ كۆلەمدە ئاچقىلى، ئۇنى مەڭگۇ شىنجاڭنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ئىقتىسادىنى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان تۆۋرۈككە ئايلاندۇرغىلى ، شۇنداقلا شىنجاڭنى گۈللەندۇرگىلى بولماس» مىش بۇ ئۇلۇق قۇرۇق گەپلەرگە يۇشۇرۇنغان مەقسەد نىمە بولغىدى؟ مۇبادا مەقسەت بىلەن ۋاستىنى بىر دەپ قارىساق خې فۇلىن ئەپەندىنىڭ بۇ خىل ۋاستىسى يەنىلا شۇ خې فۇلىن ئەپەندىنىڭ ئۇ خىل مەقسىدى بولۇپ قالىدۇ. يەنى بۇ خې فۇلىن قانداق سۆز ئۇيۇنى قىلمىسۇن ئۇ يەنىلا شۇ خې فۇلىن دىگەنلىكتۇر.

شىنجاڭنىڭ خام ئەشيالىرىنى شىنجاڭ بازارلىرىدا بىر تەرەپ قىلىش تامامەن مۇمكىن. 40 يىلدىن بىرى «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى ھەركەت ئۇيۇشتۇرماي قوزغۇلۇش بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بازار ۋە بىر تەرەپ قىلىش سانائەتلىرى شىنجاڭدىلا پەيدا بولاتتى. شىنجاڭنىڭ ئىچكى بازارلىرىنىمۇ ئاۋاتلاشتۇرغىلى بولاتتى.خام ئەشيانى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرىدە ئۇيغۇرلارنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىشقا بولاتتىغۇ؟ شۇنداق قىلغاندىلا خې فۇلىن جاناپلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى مىللەتلەرنى سانائەتلىشىش مەدەنىيىتىگە يېتەكلەيدىغان ۋەدەڭلارغا ئۇيغۇن بولاتتىغۇ؟ بۈگۈن بۇ ۋەدەڭلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ياكى ۋەدەڭلاردىن يېنىۋالدىڭلارمۇ؟ئىككىلىسىلا بولغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى يېنىۋېلىش ۋە ئۇنتۇپ قېلىش بۇ ئەلبەتتە جۇڭگونىڭ دائىمى ئەخلاقىدۇر.

«تەرەققى تاپقان دۆلەتلەر 3-دۇنيا ئەللىرىدىن ئەرزان باھادا خام ئەشيا ئېلىپ ئاندىن پىششىقلاپ ئىشلەپ ، يەنە شۇ دۆلەتلەرگە يۇقۇرى باھادا سېتىپ تەڭسىز قىممەتتە ئالماشتۇرۇدۇ. تۆۋەن باھادا كىرگۈزۈپ يۇقۇرى باھادا چىقىرىدۇ. مانا بۇ تالان -تاراج قىلىش ئېكسپىلاتاسىيە قىلىش ھېساپلىنىدۇ. لېكىن دۆلىتىمىزدە مۇنداق ئەمەس. مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقلىرىدا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ. شىنجاڭغا توشۇپ كىرگەن ماددىي ئەشيالارغا باھا قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە نورغۇن ئېتىبار بېرىلىدۇ. دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ تالان-تاراج ۋە ئېكسپىلاتاسىيە بولامدۇ؟»-دەيسىز جاناپلىرى.

جاناپلىرى يۇقۇرىدا ئالماشتۇرۇش -خام ئەشيانى ئىككىنچى بىر خىل تاۋارغا ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. ئۆزىنىڭ 40 يىللىق ئېكسپىلاتاسىيە قىلمىشىنى بىر پارچە ماقالە ئارقىلىق ئاقلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. خام ئەشيا ۋە ئالماشتۇرۇش «خام ئەشيا بازىسى دېگەن ئۇقۇمغا باغلىق بولغاچقا ماركسىزمدىن ئازىراقلا خەۋىرى بار كىشىلەر «خام ئەشيا بازىسى »دېگەن ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. تارىختا قانداق دۆلەتلەر، بۈگۈنكى رېئاللىقتا يەنە قانداق دۆلەتلەر، قانداق تارىخى سەۋەپلەر ئارقىلىق خام ئەشيا بازىسىغا ئايلىنىپ قالغان؟ بۇ نوقتا خې فۇلىن جاناپلىرىغىمۇ، بىزگىمۇ ئايان ئەمەسمۇ؟جاناپلىرى بۇ يەردە گەپ يورغىلىتىپ خام ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىدە بىر سەپسەتىدىن ئىككىنچى بىر سەپسەتىگىمۇ سەكرىگەندىمۇ بۇ سەپسەتىلەرنىڭ باشقا كىشىلەرغۇ بۇ ياقتا تۇرسۇن ھەتتا خې فۇلىن جاناپلىرىنىمۇ ئىشەندۈرەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئويلىنىپ كۆرمەيدۇ.

جاناپلىرى ۋاراقلاپ كۆرمىگەن بولسا بىز لېنىننىڭ تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزىنى جاناپلىرىغا تەقدىم قىلالىلۇق .

«خام ئەشيا بازىسى قىلىنغان ئەللەر خەلقلىرى دەھشەتلىك ئېزىلىدۇ ۋە قۇل قىلىنىدۇ، سىياسى جەھەتتە ھوقۇقسىز، ئىقتىسادى جەھەتتە ئېكسپىلاتاسىيە قىلىنىش ئورنىدا تۇرۇدۇ. ئىككى خىل ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىلاردىكى نامرات دېھقانلارنى رەھىمسىز ئېزىدۇ. ئۇلار مەجبۇرى تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇپ، شۇ يەرلەرنىڭ ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق تۈزۈمىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ-دە غەيرى بىر تەرەپلىمە راۋاجلىنىدىغان غەيرى بىر خىللا ئۆلگىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئەللەرنىڭ زېمىنى، ئورمانلىقى ۋە يەر ئاستى بايلىقىنى بىشەملىك بىلەن بۇلايدۇ. تاۋار سېتىش بازارلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋالىدۇ. زورلۇق ۋە ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن تەڭسىز قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ.

خې فۇلىن جاناپلىرى ماقالىسىدا «شىنجاڭغا توشۇپ كىرگۈزۈلگەن ماددى ئەشيالارغا قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىمىز»دەپ ئالاھىدە تىلغا ئاپتۇ. قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلسە بۇ ماددى ئەشيالارنى ئىشلەپ چىقارغان كىشىلەر بەھرىمەن بولۇدۇ. قوشۇمچە ياردەم پۇل ناۋادا شىنجاڭ رايونىدىكى مائاش جەدىۋىلىگە قوشۇپ بېرىلسە پەقەت شەھەرلەشكەن كۆچمەنلەرلا بەھرىمەن بولىدىكى، بۇنداق قوشۇمچە بېرىشنىڭ سەمىرالاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئېچقانداق ئالاقىسى يوق.

خې فۇلىن جاناپلىرى يەنە نىمە دەيدۇ؟ «تەرەققى تاپقان دۆلەتلەر 3-دۇنيا ئەللىرىدىن خام ئەشيا ئېلىپ تەڭسىز قىممەتتە ئالماشتۇرۇش فىرىنسىپىنى يولغا قويىمىز »-دەيدۇ. تەرققى تاپقان دۆلەتلەر بىلەن 3-دۇنيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئەمەسمىدى؟خې فۇلىن جاناپلىرى بىز بولساق تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش فىرىنسىپىنى يولغا قويىمىز دېگەندە: شىنجاڭنى دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى شىنجاڭ جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى -دەپ ئېتىراپ

قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمايدۇ. دېمەك خې فۇلىن تاۋار ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىدە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ. خۇددى قىزىل باشلىق توگۇنەك : تاڭسىگىنىڭ گۆشىنى پۇشۇرۇپ يەيمىز . پەقەت ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇپ يەيمىز دېگەندەك ئىش قىلماقچى بولىدۇ.

قېنى خې فۇلىن جاناپلىرى ؟ بىر تونىنا پاختىنى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قولىدىن قانچە پۇلدىن سېتىۋالىسىلەر؟ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە شۇ پاختىدىن پىششىقلىنىپ ئىشلىنىپ شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن پاختا مەھسۇلاتلىرىنى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا يەنە قانچە پۇلدىن ساتىسىلەر؟ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەپ چىقارغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يوپۇق (سولياۋ يوپۇق )نىڭ بىر مېترىنى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا يەنە قانچە پۇلدىن ساتىسىلەر ؟ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلەپ چىقارغان كۆك تاماكا ، ياغلىق داننىڭ بىر كىلوسىنى قانچە پۇلدىن سېتىۋالىسىلەر؟ يەنە تېخى كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك جەرىمانە، ئاق ھۆججەت بېرىش دېگەنلەرچۇ تېخى.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلدى . شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېزىلىرىدىلا پىلانلىق ئىگىلىك يولىغا قويۇلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى كېۋەز، ياغلىق دان ، تاماكا تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بىر خىللا ، غەيرى ئىگىلىككە مەجبۇرلاش دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟خام ئەشيا ئىشلەپ چىقارغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆزلىرى باھا قويۇپ، خام ئەشيا سېتىش ھوقۇقى يوق. ئىشلەپ چىقىرىش ۋاستىلىرىنى مەجبۇرى ھالدا سېتىۋالىدۇ. ئىشلەپ چىقارغان خام ئەشيانى مەجبۇرى باھادا سېتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بازار ئىگىلىكى شۇمىدى؟ خې فۇلىن جاناپلىرى ؟؟ تاۋار ئىگىلىكى شۇنداق ئىگىلىك بولامتى. خې فۇلىن جاناپلىرى؟؟ شىنجاڭنى خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرۇش ئەۋجىگە چىققان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي يەر ۋە ھاۋا كىلىماتىغا ماسلاشقان ئىشلەپ چىقىرىش ئۇسۇلىنى مەجبۇرى ئۆزگەرتىپ بىر خىل غەيرى شەكىلنى مەجبۇرى يولغا قويۇش، سىلەر ئۇيغۇرلارغا ياندۇرغان شەپقەتمىدى خې فۇلىن جاناپلىرى؟؟ بىرلا نەرسە مەسىلەن، خام ئەشيا ھېساپلىنىدىغان پاختىنى مىسالغا ئالايلۇق. ئۇيغۇر دېھقانلىرى تەمىنلىگەن پاختىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقان قىسمىنى سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پىرۋوت

يارىتىۋاتىسىلەر(1995-يىلى تاجىكىستاندا بىر تونىنا پاختىنىڭ خەلقارا باھاسى 3600 دوللار بولدى). ئەمما ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقارغان ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ بىر توننىسى ئىچكى بازارلاردا 14 مىڭ يۈەندىن مەجبۇرى سېتىۋېلىندى. بۇ سىز ئېيتىۋاتقان تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش شۇمۇ، ياكى تەڭسىز قىممەتتە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشمۇ خې فۇلىن جاناپلىرى. بۇ يەردە پەرقلىق باھادا چۈشكەن پايدا كىمنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدۇ، لاۋۋاڭ، لاۋجاڭلارنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدۇ دېسىڭىزچۇ جاناپلىرى! ئېھتىمال بۇ يەردە جاناپلىرى ئىشلەپ چىقىرىش ۋاستىلىرى دۆلەتنىڭ ياكى كوللېكتىپنىڭ ، دۆلەت يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سالىدۇ. شۇڭا دۆلەت پاختىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالىدۇ دېگەن بويىچە قۇشقۇنىغا ئولتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن . سۇ ئامبىرى، ئېرىق- ئۆستەڭ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ھېساپلىنىدىغان بولسا بۇلارنى ئۇيغۇر دېھقانلىرى پۇل چىقىرىپ ، ھەقسىز ئىشلەپ ياسىغانمۇ، ياكى دۆلەت پۇل چىقىرىپ ياسىدىمۇ يە؟؟ تىراكتور، بۇقا، سۆرەم، سىيالكا دېگەنلەرنى ئۇيغۇر دېھقانلىرى پۇل تۆلەپ سېتىۋالغانمۇ ياكى ئاتالمىش دۆلەت ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەنمۇ؟؟ نېمىشقا دېھقانلارنىڭ ھەقسىز ياسىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا «كوللېكتىپ»، «دۆلەت» دېگەن ئابستىراكت ئۇقۇملار ئىگە بولىۋالىدۇ، خې فۇلىن جاناپلىرى؟ دۇنيا تارىخىدا ئېكسپالاتاسىيە قىلىشنىڭ بۇنىڭدىن ئۆزگە يەنە باشقا بىرەر ئۆلگۈسىمۇ بولغانمۇ؟

چۈشۈنۈۋېلىڭ جاناپلىرى، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش باشقىلار شاپائىتىنىڭ مېۋىسى بولماستىن، بۇنداق ئالماشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى —تەڭ ھوقۇقلۇق ئالماشتۇرۇشتۇر. ئالماشتۇرۇش تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئەمەس ئىكەن، دېمەك جاناپلىرى بىلەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقى باراۋەر ئەمەس ، دېگەن سۆز. ئەجىبا ئاساسى قانۇندا كىتاب يۈزىدە ھوقۇقىمىز باراۋەر ئىدىغۇ؟ ئەمەلىيەتتە ياكى رېئاللىقتا نېمىشقا ھوقۇقىمىز باراۋەر ياكى تەڭ بولماي قالدى؟

ئىمانىڭىز بولمىسىمۇ ئاز-تولا ئىنساۋىڭىز باردەك قىلىدۇ. ئاپتور ماقالىڭىزدا «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمى ئىقتىسادى ناھايىتى ئاجىز، ئۇ تىپىك بايلىقى مول ئۆلكە، ئىقتىسادى جەھەتتە نامرات ئۆلكە ، تارىخ ۋە ئىجتىمائى

سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى جەمئىيەتكى قالاقلىقى بىلەن مول بايلىقى ئەتۈر تاناسىپ شەكىللەندۈرگەن ، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن...80 نەچچە ناھىيىنىڭ 70 نەچچىسىنىڭ مالىيىسىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلدى. ھەممىسى دىگۈدەك (تۆشى ئېچىلىپ قالىدىغان )قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى...(شۇ يەرگە كۆچۈپ بارغان كۆچمەنلەرنىڭ)داۋالىنىش خىراجىتى كاماندۇروپكا پۇلىنى ئاتچوت قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئومۇمى يۈزلۈك كۆرۈلۈپتۇ)مىش، ئېتىراپ قىلىسىز. ئەمما ، شىنجاڭنىڭ قالاقلىقىنى تارىخى ، ئىجتىمائى سەۋەپلەرگە ئارتىپ قويۇشىڭىزغا قوشۇلغىلى بولمايدۇ. تارىختا ئىچكىرى ئۆلكىلەرمۇ قالاق ، كەمبەغەل ئىدى. سىزنىڭ سېلىشتۇرمىڭىزدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بايلىق پەرقى يوقۇرى ، شىنجاڭنىڭ تۆۋەن بوپتۇ. بۇ تارىخنىڭ جىنايىتى ئەمەس، ئاددى جاۋاپ بەرگەندە ھازىرقى كۈندە ئەرزان باھادا يۆتكەپ كىتىشنىڭ ، تۇشۇپ كىتىشنىڭ جىنايىتىدۇر.

خې فۇلىن ماقالىسىدا « بايلىقلارنى ئېچىشتىن ئەڭ زور بايدا ئالىدىغىنى بايلىقلار ئېچىلغان جاي بولۇدۇ. دۆلەتنىڭ بايلىقلارنى ئېچىشقا قارشى سۆز- ھەركەت ئاساسى قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ»-دەيدۇ. مۇشۇ جۈمللەرنى يېزىۋاتقان كىشىنىڭ يەنە شۇ جۈمللەردە نىمە دىيىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەسلىك بىر قىزىق ئىش ئىكەن. دۆلەتنىڭ يەر بايلىقىنى ئېچىشقا قارشى تۇرىدىغان بىر كىشى يوق. دۆلەت تۈزۈپ بەرگەن قانۇننىمۇ ئىجرا قىلمايدىغان ، قانۇنغا قارشى ھەركەت قىلىدىغان كىشىلەر ئارىمىزدا خېلى بار. مەسىلەن: ئاساسى قانۇننىڭ 42- ماددىسىدا «دۆلەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۇرلۇك يوللار بىلەن شارائىت يارىتىدۇ.»-دەپ بەلگىلەنگەن. مىللى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇننىڭ 62-ماددىسىدا «دۆلەت مىللى ئاپتونومىيەلىك جايلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشتا، قۇرۇلۇش قىلىشتا، مىللى ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش، بۇ ئىشلارنى مىللى ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك».-دەپ بەلگىلەنگەن خې فۇلىن جاناپلىرى ! مۇشۇ بەلگىلىمىلەر «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم »رايونىدا قانچىلىك ئىجرا قىلىندى؟ ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى قانچىلىك ئىدى؟ مىللى مەسىلىنى ماركسىزم -لېنىنزىمچە ھەل قىلىشنى بىلەتتىمۇ؟ بۇ قانۇنلاردا ھەربىر مىللەتنىڭ ھوقۇقى بىلەن مەجبۇرىيىتىنىڭ چېگراسى بېكىتىلگەن . ئىشقا ئورۇنلۇشىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەلىيەتتە ھوقۇق مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى. ئىشقا ئورۇنلاشقۇچى ئىشقا ئورۇنلىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئورۇنلاشتۇرغۇچى ھوقۇقتا تايىنىپ رەت قىلسا ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئوتتۇرىدا قانداق زىددىيەت يۈز بېرىدۇ. بۇ زىددىيەتلەرنى «مىللى بۆلگۈنچى »دەيدىغان سىياسى بېسىم بىلەن ھەل قىلىش كېرەكمۇ ياكى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بۇيىچە ھەل قىلىش كېرەكمۇ؟

شىنجاڭ تارىختا دېھقانچىلىق رايونى، ماتارپىسىز، خەلقى قالاق رايون ئىدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم» رايونى دىگەن مەمۇرى بىرلىك 1955-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى 75٪ئۇيغۇرغا بېرىلگەن ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ مىللەت سۈپىتىدە بىر گەۋدە ، تۇرلۇك سىياسەتلەرگە مۇۋاپىق ، مىللى خاسلىقتا ، مەدەنىيەت ، تارىخ ، ئىقتىساد ، ماتارىپ مۇۋاپىق بىرگەۋدە بولۇپ كەلگەن. ئەگەر ھەممە مىللەت قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولىدىغان، ھوقۇقتا باراۋەر بولۇپ ، باراۋەر تەرەققى قىلىدىغان بولسا ، 40 يىلدىن بېرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى »دا توختىماي ئىجرا قىلىنغان يەرلىكلەرنى سەھرالاشتۇرۇش، كۆچمەنلەرنى شەھەرلەشتۇرۇش، كۆچمەنلەرنى سانائەتلەشتۇرۇش، يەرلىكلەرنى دېھقانلاش-تۇرۇش سىياسىتىنى قانداق چۈشۈنىش كېرەك؟!

سىز نىمە ئۈيدا، مەن نىمە كويدا خې فۇلىن جاناپلىرى ، زامان ئۆزگەرمەكتە ، ماكان ئۆزگەرمەكتە خې فۇلىن جاناپلىرى! «ئۇيغۇرلاردا چاچقانى ھارۋىغا قاتساڭ كاتتىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ».-دىگەن گەپ بار . شۇنداق ، 40 يىلدىن بېرى زامان ۋە تارىخ خې فۇلىنلارنى ھارۋىغا قوشىۋدى، سىلەر ھارۋىنى خىنىگە، خۇنىگە سۆرىدىڭلار، ھەرگىزمۇ ئېزىپ-تېزىپ خوتەنگە غۇلجىغا قۇمۇلغا سۆرىمىدىڭلار . شۇڭلاشقا 40 يىلدىن كىيىن ئۇيغۇرلار خې فۇلىن، جاڭ فۇلىن ، ۋاڭ فۇلىنلارنى ئەمدى ھارۋىغا قاتماسلىقنى قارار قىلدى.

1999 -يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۈرۈمچى

# ئالىم ۋە شائىر تۇرغۇن ئالماس ھەققىدە مېنىڭ ئەسلىمىلىرىم

ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)



1953-يىلى سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرى، مەن ئەمدىلا ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئىنستىتوتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرگىلى تېخى بىر بولمىغان ۋاقىتلار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك تاماقتىن چىقىپ، شىنجاڭ ئىنستىتوتى قىزىل بىناسىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدە بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىم قەددى قامىتى كېلىشكەن، ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن، قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان-يوغان، خۇمارەڭ كاستۇم-بۇرۇلكىسى چىرايىغا ماس كەلگەن 30 ياشلار چامىسىدىكى كىشى بىلەن قىزغىن چاقچاقلىشىپ تۇراتتى. مەن كۆپچىلىككە يېقىنلىشىپ كېلىشىم بىلەن سىنىپداشلىرىمدىن بىرى «ئەخمەت» مانا بۇ بىز گېپىنى تولا قىلىدىغان شائىر ئاكىمىز- تۇرغۇن ئالماس، تونۇشۇپ قوي، دەپ خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى كۆرمىگەن، لېكىن بىر كۆرۈشكە بەك تەشنا بولغان شائىر تۇرغۇن ئالماسنى ماڭا تونۇشتۇردى. تۇرغۇن ئالماس مەن بىلەن كونا قەدىناسلاردەك كۆرۈشۈپ «ياخشى ئوقۇپ ياخشى شائىر بولۇڭلار جۇما» دەپ چاقچاق قىلدى. ئاشۇ كۆرۈشۈش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى بىلەن تونۇشلۇقىمىز ئاستا- ئاستا دوستلۇققا، كېيىن ئىرادە تەقدىر بىلەن بىر يەرلەردە ئىشلەپ، بىر-بىرىمىزنى ھاياتنىڭ ھەرخىل بوران -چاپقۇنلىرىدا سىناشقا ياخشى پۇرسەت بولۇپ، ياخشى مەسلەكداش ۋە دوستلارغا ئايلانغان ئىدۇق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى، ئاتاغلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ ھارماس جەڭچىسى تۇرغۇن ئالماس 1924-يىلى 30-ئۆكتەبىر كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيەت، تارىخ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەردە تۇغۇلغان. شائىر 1939-1942- يىللاردا ئۈرۈمچى ئۆلكۈلۈك 2-دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇدىرلۇق خىزمىتىدە بولغان. شۇ يىللاردا ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن تۈرمىگە 1943-يىلى تاشلانغان. تۈرمىدە «تۈنتۈن»، «ئازاتلىق مەشئىلى» قاتارلىق بىرقىسىم شېئىرلارنى يېزىپ جاللات شېڭشىسەينىڭ قانلىق زۇلۇمىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئازاتلىققا ئۈندىدى. تۇرغۇن ئالماس ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرى «قايتمايمىز» دىن باشلانغان جەڭگىۋار، ئاڭلىق ئىجادىي ھاياتىنى خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇ تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي، تونۇلغان يازغۇچى، دراماتورگ، مەشھۇر تارىخچىدۇر. ئۇنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىجادىي ھاياتى شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغان شېڭشىسەي، گومىنداڭ مۇستەبىتلىرى، ۋە 1949-يىلىدىن باشلانغان شەقىي تۈركىستاننى قانلىق ئىسكەنجىسىگە ئالغان كوممۇنىست خىتايلارنىڭ دۆلەت تېرورىست سىياسىتىنىڭ دەھشەتلىك يىللىرىدا ئۆتتى. بىراق تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ھەرقانداق ئېغىر شارائىتتىمۇ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىپلاس غەرەزلىرىنى پاش قىلىپ، ۋەتىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆر-ئازاتلىقىنى كۈيلەشتىن ھېچقاچان توختاپ قالمىدى. ئۇنىڭ ئىلان قىلغان 50-يىللاردىكى «قىزىلبايراق» ھېكايىسى، «پىچاق» دىرامىسى، 60-يىللاردا

يېزىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى، «لەيلىگۈل» داستانى، 1956-يىلى نەشر قىلىنغان «تارىم شاماللىرى»،1982-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان«تاڭ سەھەر»شېئىرلار توپلىمى ،تارىخ ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى 40 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىلىرى خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.بۇ ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرى خىتايچە،ئىنگلىزچە ۋە رۇسچىغا تەرجىمە قىلىندى. ۋەتەنپەرۋەر شائىر ۋە يېتۈك ئالىم تۇرغۇن ئالماس ئۆز نۆۋىتىدە ئۆتكەن ئەسىردە ئۆتكەن مۇھاممەت ئىمىن بۇغرادىن كېيىنكى ئۇلۇغ تارىخچىدۇر.

ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»،(1986-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)،«قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»( 988-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)، «ئۇيغۇرلار»(1989-يىلى ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ۋە «بورانلىق يىللار»ناملىق تارىخى رومانى قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئىنتايىن چوڭ تۆھپىلەرنى كۆرسىتىپ، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆلمەس نامايەندە بولۇپ قالدى. بۇ ئۈچ كىتاپ خەلقىمىز تەرىپىدىن «ئۈچ گۆھەر »دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ ،سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتاپلار قاتارىغا كىردى.

بۇ بىزنىڭ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ 1940-يىلى يازغان «شەرقى تۈركىستان» تارىخى دىن كېيىنكى ئەڭ ئۆتۈغۇمىزدۇر. ئالىمنىڭ «ھونلارنىڭ قىقچە تارىخى» گېرمانىيە ھامبۇرۇگ شەھرىدە، « قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» سەۋۇدى ئەرەبىستانىدا ئەرەبچە،«ئۇيغۇرلار» بولسا تۈرۈكچە ،رۇسچە،فرانسۇزچە تەرجىمە قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ياللانما ئەدىپ،تارىخچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ،خىتاي بۇيىچە بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئىدىئۆي، دىنىي، مۇئارىپ، ساھالىرىدە تۇرغۇن ئالماس ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئەسىرىگە قارشى 1991-يىلى 2-ئايدىن باشلاپ ئۈچ كىتاپنى تەنقىتلەش نامى بىلەن جازا يۈرۈشنى باشلىۋەتتى.1991-يىلى 1-ئىيول ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتتى ۋە ھۆكۈمەتتىنىڭ تەشكىللىشىدە 3كىتاپقا قارشى سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىردى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياللاقچىسى بولغان پۈتۈن گېزىت ژورنال، رادىيو-تېلېۋىزىيەلەر تۇرغۇن ئالماس ۋە ئۈچ كىتاپقا قارشى ھوجۇملىرىنى باشلىۋەتتى. تۇرغۇن ئالماسقا «پانتۈركىست، مىللىي بۆلگۈنچى، يەرلىك مىللەتچى» دېگەندەك بۆھتانلارنى چاپلىدى، كىتاپلىرىنى «زەھەرلىك چۆپ »قاتارىغا كىرگۈزۈپ بىراقلار يوق قىلىۋەتمەكچى بولدى.ھەتتا 1990-يىلى 5-ئاپرېلدا يۈز بەرگەن بارىن دېھقانلىرىنىڭ ھەق -ئادالەت يولىدىكى كۆرەشلىرىنى قانلىق باستۇرۇپ، بارىندىكى ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى بولغان ئامىللارنىڭ بىرى«تۇرغۇن ئالماس »نىڭ ئۈچ كىتابى بولدى دەپ قارىدى. بۇ كىتاپنىڭ نەشر قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەشرىيات ،ئورۇن ۋە شەخسلەرنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىپ، قانۇنىي جازاغا تارتتى.ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۇقتۇرۇشلار چىقىرىلىپ،ئۈچ كىتاپنى ئوقۇشنى چەكلىدى، كىتاپنى ئوقۇغان ۋە ساقلىغانلارنى جازالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.خىتاي ھۆۋمىتى بۇ ئۈچ كىتاپنى ھەرقانچە بەدەل تۆلەپ بولسۇمۇ، يىغىۋېلىپ يوقۇتىۋېتىشكە تىرىشتى.بىراق خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئېلىپ بارغان بۇ جاھالەت ھەركەتلىرى خەلقنى قورقىتالمايلا قالماستىن بەلكى تۇرغۇن ئالماسنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.ئۈچ كىتابى ئۈچ پارچە گۆھەرگە ئايلىنىپ، باھاسى 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە ئۆرلەپ كەتتى.كىتاپنى بىر قېتىم ئوقۇۋېلىش ئۈچۈن 200 يۈەن بېرىدىغانلارنىڭ سانىڭ ئاز بولمىدى.مانا بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇغۇن ئالماس ۋە ئۇنىڭ كىتابىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىگە قارىتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇتقان ئوخشمايدىغان مەيدانى ۋە ئۇلۇغ ئالىمغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى.خىتاي ھۆكۈمىتى تۇرغۇن ئالماستىن قاتتىق ئۆچ ئالماقچى ئىدى.بىراق تۇرغۇن ئالماسنىڭ بۇ كىتابىغا خىتاينىڭ ئابىروىلۇق تارىخى كىتاپلىرى ئاساسى مەنبە بولغانلىقى ئۈچۈن 1992-يىلى 11-ئايىندا خالقارا كاچۇرۇم تەشكىلاتى ۋە ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈكىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ھەققىدىكى دوكلاتى ۋە شۇ ۋاقىتلاردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈكىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىشى بىلەن ئەيىپلىنىشى ۋە تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇنى ئىمايە قىلىشى ۋە باشقا سەۋەپلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرغۇن ئالماسقا تېخىمۇ قاتتىق جازا قوللۇنىشىدىن توسۇپ قالدى .ئۇلۇغ ئالىم ۋە شائىر تۇرغۇن ئالماس شىگشىسەي دەۋرىدە بىر قانچە يىل تۈرمىدە ياتقان

بولسا، 1947-يىلدىن 1949-يىلغىچە گومىنداڭ تۈرمىسىدە ياتتى.پەقەتلا شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتىنىڭ قاتتىق بېسىمى بىلەن 1949-يىلى ئاپرىلدا تۈرمىدىن چىقىرىلدى. شائىرى 8-ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىنقىلاۋىي ئىشىنى قايتا مۇھەررىلىكتىن باشلىغان ئىدى. تۇرغۇن ئالماس 1957 ۋە 1958-يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان «ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچىلەر»گە قارشىكۈرەشلەردە قاتتىق كۈرەش قىلىنىپ، ياقىا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىندى.1966-يىلدى ۋە 1976-يىلغىچە داۋاملاشقان ئاتالمىش«مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى»دا مىللىي بۆلگۈنچى»دىگەن قالپاق بىلەن ئەيىپلىنىپ تۈرمىلەرگە قامىلىپ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن.خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرغۇن ئالماسقا قارىتا ئېلىپ بارغان ھەرخىل تەقىبلىرى، ھەرخىل ھوجۇملىرى ۋە جازا يۈرۈشلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئىسىل پەرزەنتىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىغان ئىدى.

مەن 1961-يىلى ئاۋغۇستا تاشكەنت دۆلەت ئونۋېرستىتىنى تۈگۈتۈپ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كىيىن مىنى دىسلەپتە ئەينى چاغدىكى«شىنجاڭ گېزىتىگە خىزمەتكە بۆلۈپ قويدى.مەن گېزىتخانىغا بارمىدىم. شۇ دەۋرلەردە پارتكوم «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنەتچىلەر بىرلەشمىسى»نى گېزىتدىلەرنىڭ ئۇۋۇسى دەپ قاراپ ،ئۇنى كۆزگە قادالغان مىق قاتارىدا كۆرەتتى. سەۋەبى بۇ دەرگاھتا مىللىتىمىزنىڭ روھىنى تەربىيلىگۈچى زىيا سەمەدى، خەمىت ھۇسەيىن، زۇنۇن قادىر ۋە تۇرغۇن ئالماسقا ئوخشاش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىنىڭ ئىشلەپ تۇرغانلىقى ئىدى. شۇڭا مەن شۇ گېزىتدىلەر بىلەن بىرگە ئىشلەپ ،ئۇلاردىن تەلىم ئېلىشنى ئۆزۈمگە شەرەپ دەپ بىلەتتىم. ئاخىرى بۇ ئارزۇلۇرۇم ئەمەلگە ئاشتى. لىكىن مەنمۇ باشقا ئىنقىلاۋىي ئۇستازلارغا ئوخشاش ئاز بولمىغان بەدەللەرنى تۆلىدىم. شائىر ۋە ئالىم تۇرغۇن ئالماس 1953 - يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئورۇنلۇشۇپ ،بىرلەشمىنىڭ ««شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەئىتى»ژورنىلى يېزىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تەھرىر ۋە تەرجىمە خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن بۇ دەۋرلەردە 1957-يىلدىن باشلىنىپ 1960 -يىللارغىچە داۋاملاشقان يەرلىك مىللەتچىلىك ۋە خۇفىڭ باشچىلىقىدىكى ئوڭچىلىلىققا قارشى ھەركەتلەر يۈرگۈزۈلۈپ مىللىتىمىشىنىڭ ئىسىل يازغۇچىلىرى:خەمىت ھۇسەيىن،تۈرمىگە ئېلىنغان. زىيا سەمەدى باشلىق بىرقىسىم يازغۇچىلار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىغا سۈرگۈن قىلىنغان، قالغانلىرى بولسا ھەرخىل قالپاقلار بىلەن چەت-يىراق جايلارغا ئاتالمىش چىنىقىشلارغا ئەۋەتىلگەن.ئىدارىدا قالغانلىرى بولسا ھەرخىل بەدناملار بىلەن مەسىلە تاپشۇرۇپ نازارەت ئاستىدا ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى.مىللىي كادىرلارنىڭ 98٪ دىگۈدەك مەسىلى بار گۇمانلىق ئۇنسۇرلار ئىدى.

مەن ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسگە خىزمەتكە ئورۇنلۇشۇپ ، ئاز ۋاقىتتىن كىيىن ساۋاغدىشىم دولقۇن ياسىن بىرلەشمىگە خىزمەتكە كىردى.شۇنداق قىلىپ بىر ئىدارىدا ئابدۇشۇكۈر تۇردىنى قوشقاندا «يىكى تاشكەتچىكەر» 3 كىشى بولۇپ قالدۇق.تۇرغۇن ئالماس دولقۇن بىلەن ئىككىمىزنى يېقىن كۆرەتتى.بىر يەرلەرگە ئولتۇرۇشلارغا بارساق تۇرغۇن ئالماس دائىم بىز بىلەن بىرگە ئىدى. بۇنداق چاغلاردا بىز ھېچقانداق تارتىنىپ تۇرماستىن ئۆز كۆز قارىشىمىزنى ئۇچۇق ئوتتۇرغا قۇيالايتۇق. بىز تۇرغۇن ئالماسقا ،تۇرغۇن ئالماس بىزگە ئىشىنەتتى.شۇڭا بىز ئۆز-ئارا قۇرۇق تەككەللۇپنى قايرىپ قۇيۇپ، بىر- بىرىمىزنى «سەن »دىيىشىپ، ھۆرمەت يۈزىسدىن «تۇرغۇنكا»دەپ ئاتايتۇق. تۇرغۇن ئالماس پات-پاتلا ئۆزىنىڭ 1956-يىلى ئۆزىنىڭ يازغۇچىلار ئۆمىكى بىلەن سېۋىت ئىتتىپاقى ۋە ئوتتۇرا ئاسياغا قىلغان سەپىرىنى ئەسلەپ ھېسياتىنى بىز بىلەن ئورتاقلىشاتتى. ئۇ داۋاملىق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلىقلىرى بىلەن قان قېرىنداش بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ 200 يىلدىن بىرى دۇنيا مەدەنىيىتىدىن يىراقتا تۇرۇۋدىغان، يا دۇنيانىڭ مەدەنىيتىنى قوبۇل قىلمايدىغان، يا ئۆز مەدەنىيتىنى يا دۇنيا مەدەنىيتى بىلەن ئۇچۇراشتۇرۇشتىن قورقىدىغان «ئاسىيا كىسەل كۆرپىسى دەپ ئاتالغان خىتاي ھۆكمرانلىرىنىڭ قولىدا قېلىپ ، نادانلىتا ياشاۋاتقانلىقىغا ئېچىنىپ :«قولىنىڭ قولى بولغۇچە بەگنىڭ قولى بولساڭچۇ،ھەي،ئىسىت» دەپ ھەسرەت چېكەتتى-دە، قەشقەر، يەركەن، خوتەندىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى سۆزلەپ كىتەتتى. بەزىدە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تۇرغۇن ئالماس بىلەن ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، خىتايچىدىن بەزى ماتىرىياللارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلاتتۇق. تۇرغۇن ئالماس خىتايچە ماتىرىيالغا قاراپلا ئېغىزاكى تەرجىمە قىلاتتى.مەن ئۇنىڭ سۆز جۈمىلىرىنى رەتلەپ ئۇيغۇرچە يازاتتى.ئۇ مەيلى خىتايلارنىڭ

كىللاسسىك ئەدەبىياتى بولامدۇ ھېچقانداق قۇشۇمچە ماتېرىيال ياكى لۇغەت ئىشلەتمەي ناھىيتى راۋان تەرجىمە قىلاتتى.ھەتتا خىتايچە ژورناللاردىكى بەزى تەھرىرلەر بەزى خىتايچە خەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەي،تۇرغۇنكامدىن سوراپ كىرەتتى. شۇ چاغدا تۇرغۇنكام قۇشۇمىسىنى تۇرۇپ بىرئاز ئويلۇنۇۋالاتىدە باش بارمىقى بىلەن ئۈستەلگە سىزىپ تۇتۇپ ھېلقى خەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىلىشىنى، تاڭ،سوڭ، چىڭ دەۋىرلىرىدە قانداق ئۆزگۈرۈپ ،بۈگۈنكى كۈندە قانداق قىسقىراپ، قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىرەتتى.ئىدارىدا مەيلى خىتاي، مەيلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولسۇن تۇرغۇنكام بىلەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى.مەن تۇرغۇنكامنىڭ زىرەك، ئۆتكۈر مېڭىس، يارقىن خاتىرىسىگە ھەيران قالاتتىم. بەزىدە مەن«ھەي تۇرغۇنكا، بۇنچىلىك ئەقىل-پاراسەتنى نەدىن ئالدىڭ"؟يا سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ ئالاھىدە ئادەملەرمىدۇ-يا؟»دىسەم، ئۇ كۈلۈپ كىتىپ «ئات-ئانام ئادەتتىكى لاي پاچاق ئۇيغۇرلاردىن، مەن شۇلارنىڭ پۇشتىدىن »دەپ ھېكايىسىنى سۆزلەپ كىتەتتى.ئۇ ژورنالغا كىلىشتىن بۇرۇن «شىجاڭ ساقچى كادىرلارمەكتىۋى»-دە ئىشلەيدىغان ۋاقتىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خىتايچە دەرىس ئۆتىدىكەن.ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا 4ئايغا يېقىن 2سائەتتىن دەرىس بىرىپ، ئاخىرى خىتاي تىلىدىن ئىمتىھان ئاپتۇ، سىنىپتىكى 28



ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرچە ئىمتىھان نومۇرى 90 بوپتۇ،ئۇنىڭ ئىچىدە 3ئوقۇغۇچىنىڭ نومۇرى 100 بوپتۇ.بۇ ئىككى سائەتلىك ئىمتىھاندا 3ئوقۇغۇچى 7بەتلىك ماقالە يېزىپ 2000 مىڭ ئەتراپىدا خەت ئىشلىتىپ خىتاي مۇئەللىمنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ،ئاخىرى ئىشەنمەي بۇ 3ئوقۇغۇچنى ئىلمى بۆلۈمگە ئەكىرىپ قايتا ئىمتىغان ئالغان ئىكەن ، نەتىجىسى بۇنىڭدىن كام بولماپتۇ.بۇنى كۆرگەن ئىلمى بۆلۈمدىكى خىتاي باشلىقلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەيران قالغان ئىكەن. بۇنى سۆزلىگەندە تۇرغۇنكامنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن يېقىملىق يۈزلىرى ھاقايىپ بىر غورورلۇنۇش بىلەن تېخىمۇ يېقىملىق بولۇپ كىتەتتى.ئۇ تۇرۇپ- تۇرۇپلا«بەخت قونسا شۇ چۈننىڭ بېشىغا ،سۇمرۇغ كىلەر شۇدەم ئۇنىڭ قېشىغا» دىگەن ماقال ئېيتىپ «قانداق مىگىگەن ھەممىسى ئۆزىمىزدىن، ئاشۇ زالىم ستالىن ئۆتتىغۇ- ئامال قانچە؟!»دەپ ئىچىدىن ئېچىنىپ كىتەتتى. 1961-يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ 1966 يىلغىچە بولغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى » مەزگىلىدە تۇرغۇن ئالماس بىز بىلەن ئىدارىدا، كوچىلاردا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، ئولتۇرۇشلاردا بىرگە بولغان چاغلاردا بىزگە قەدىمقى ئۇيغۇرلار، ھونلار، تۇرۇكلەر ھەققىدەبىز بىلمەيدىغان قىزىقارلىق تارىخلارنى سۆزلەپ بىرىپ ،بىزگە روھى ئىلھام بىرىشكە تىرىشاتتى.مەن تۇرغۇنكامنىڭ ۋاپاتىغا 3 يىل تولغان بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تۇرغۇنكام بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن شۇ كۈنلەرنى قاتتىق سېغىنىپ ئەسلەيمەن. پۈتۈن خىتاينى دەھشەت قاپلىغان ئاشۇ يىللاردا تۇرغۇنكام ۋەتەن — مىللەر ھەققىدىكى پائالىيەتلەرگە يېقىندىن قاتنىشىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقتىنى بىكار ئۆتكەزمەي،كۈنى -تۈنگە ئۇلاپ ئۆزىنىڭ مەشھۇر 3كىتابىنى يېزىشقا ئاساس سالغان ئىكەن. ئۇ بەزىدە شۇنداق تارىخ ۋەقەلەرنى سۆزلىگەن ۋاقتىدا «تۇرغۇنكا شۇلارنى يازساڭ بولمامدۇ؟»دىسەم،ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراۋتىپ«ئالدىرماي تۇر، يېزىۋاتىمەن، ھامىنى كۆرىسەن »دەپ جاۋاپ بىرەتتى.شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن شۇڭغىچە ئاڭلاپ باقمىغان قەھرىمان كورشات قىسسەسىنى سۆزلەپ بەرگىنى تېخى ئىسىمدە: مىلادىنىڭ 630 يىلىنىڭ بېشىدا شەرقى كۆك تۇرۇكەلەر ئىچىدىكى ئىختىلاپلاردىن پايدىلانغان تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى شىمىڭ لىچىڭ قاتارلىق قوماندانلىقىدىكى 100 مىڭ كىشلىك خىتاي قۇشۇنىنشەرقى كۆك تۇرۇكلەرگە ھوجۇمغا ئەۋەتىپ، كۆك تۇرۇكلەردىن 100 مىڭ كىشىنى ئەسىرگە ئالدۇ.تۇرۇك خانىمۇ ئەسىرگە چۈشدۇ.تۇرۇك خانلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سۇارخانىنىڭ كىچىك ئوغلى كورشاد چاڭئەنگە ئەسىر ئېلىنىپ كىلىنگەن 40 تۇرۇك يىگىتنى باشلاپ639 -يىلى 4-ئايدا لى شىمىنىڭ ئوردۇسىغا بېسىپ

كىرىدۇ.مەخسىدى، لى شىمىنىنى تىرىك تۇتۇپ چىقىپ، تۇرك خانىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. لىكىن ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئىش پىلانىدىكىدەك بولماي ئوردۇدىدا قانلىق جەڭ بولۇدۇ. كورشاد باشلىق 40 يىگىت ئوردۇدىن چىكىنىپ چىقىدۇ ۋە ۋېخې دەرياسى بويىدا قانلىق جەڭلەر بىلەن قۇربان بولىدۇ.تۇرغۇنكام بۇ تارىخى ھېكايىنى دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتى. تۇرغۇنكام ئۇلۇغلايدىغان تارىخى شەخسلەرنىڭ بىرى خەن پادىشاھى لىيۇباڭنىڭ ماۋجۇن ئاتلىق قىزىغا ئۆيلەنگەن باتۇر تەڭرىقۇت ئىدى. بەيدىڭ قورشاۋىدىن كېيىن قاتتىق خەن سۇلالىسىنى ئۇلپاڭ تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان ھونلارنىڭ باتۇر تەڭرىقۇتى قاتتىق مەغرۇرلانغان ئىكەن.ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ لىيۇ باڭ ئۆلگەندىن كېيىن خانلىق تەختىگە چىققان خۇتنى لۇخۇيغا مىلادىدىن بۇرۇنقى 192-يىلى يازغان بىر پارچە خېتىدە«ئاليىلىرى تول قېلىپ يالغۇز ئولتۇرۇدىكەنلا ،مەنمۇ يالغۇز،....ئىككىمىز بار يوقۇمىزنى ئالماشتۇرۇپ بىرگە ئۆتسەك دەيمەن» دىگەن ئىكەن. بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تومۇرىدىمۇ ئاشۇ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قېنى بار،جۇما، ئىنشا ئاللاھ بۇلار كارامىتىمىزنى بىر كۈن كۆرىدۇ دەيتى، تۇرغۇنكام بۇ ھېكايىنى ھەر قېتىم سۆزلىگەندە. تۇرغۇنكام يەنە« بىز تۈرۈكلەرنى، ئۇيغۇرلارنى تارىختا خىتاي ھۆكمرانلىرى قۇرال كۈچى بىلەن يېڭىپ باققىنى يوق، پەقەت ئۇلار ئارىمىزدىكى ئىتتىپاقسىزلىقتىن پايدىلىنىپ ،ئۆز گۆشىمىزنى ئۆز يېغىمىزدا قورۇدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىتاي كومىنىستلىرى تارىختىكى ئاتا-بوۋۇلىرىنىڭ ھېلە -مېكىرىنى يەنە قوللىنىۋاتىدۇ. بىز نىمە ئۈچۈن ئەقىللىق بوۋۇلىرىمىز كۆلتىكىن بىلەن مويۇنچۇرلارنىڭ مەڭگۈ تاشلارغا ئۆچمەس قىلىپ يازدۇرغان نەسىيەتلىرىنى ئۆگەنمەيمىز، نىمە ئۈچۈن؟؟»دەپ ئۆز -ئۆزىگە سوئال قوياتتى. ئۇ يەنە« ئۆتمىشتە خىتاي ھۆكمرانلىرى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئىدى،ھازىرمۇ شۇلار، كەلگۈسىدىمۇ شۇلار،بىز بۇ ھەقىقەتنى كالليمىزدا قەتتى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كىرەك، يەڭگىلى بولمايدىغان دۈشمەن يوق،جەددالنىڭ بىر كۆزى قارىغۇ ،ئۆزىمىز ئىتتىپاق بولساقلا دۈشمەن چوقۇم يىڭىلىدۇ ،چۈنكى بىز باشقىلارنىڭ زىمىنىغا بېسىپ كىرمىدۇق، ھەقىقەت بىز تەرەپتە»دەيتى.

2001-يىلى 11-سىنتەبىر كۈنى نېۋ-يوركتا دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان دەھشەتلىك ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. دەل شۇ كۈنى ۋاشىنگىتوندىكى «ئەركى ئاسىيا رادىيوسى»ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىدا بىر ئۆمىر شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئەركىنلىك جەڭچىسى تۇرغۇن ئالماسنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ ۋەتىنىنىڭ يورۇق تاڭلىرىنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان كۆزلىرىنىڭ بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشقانلىقىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتتى.بۇ خەۋەر پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكى قان قىلدى، كۆزلىرىدىن ماتەم ياشلىرى ئاقتى. ئۆلۈم دەھشەتلىك ،بولۇپمۇ تۇرغۇن ئالماستەك بىر ئۆمىر ھاياتىنى ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقىغا بېغىشلىغان ئالىجاناپ ئىنسانىنىڭ ئارىمىزدىن كىتىپ قېلىشى ئۇيغۇر خەلقى ۋە دۇنيادىكى ئادالەتنى سۆيگەن كىشىلەر ئۈچۈن زور يوقۇتۇش. كومىنىست خىتاي ھۆكۈمىتى تۇرغۇن ئالماس ئاكىمىز ياشىنىپ قالغان ۋە كىسەلگە گىرىپتار بولغان چاغلاردىمۇ ئۆزىنىڭ روھى ۋە جىسمانى جەھەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىم ۋە دۈشمەنلىكىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمىغان ئىدى. ئۆمىر بويى خىتاي ھۆكمرانلىرىنىڭ زۇلۇمىنى تارتقان تۇرغۇن ئالماس ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى 10 يىلىنىمۇ يەنە قاتتىق رېجىمدا ئۆتكەزدە.ئۇنىڭ ئادەتتىكى يۈرۈش-تۇرىشى ، كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشى،باشقىلار بىلەن ئەركىن- ئازادە ئۇچۇرىشىشى قاتتىق چەكلەندى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرغۇن ئالماسقا قاراتقا بېسىملىرى خەلقنىڭ سۆيگۈسىنى توسۇپ قالالمىدى.ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرگەن چاغدىكى مەنزىرە خىتاي ھۆكۈمىتىنى ھەيرەتكە سالدى.گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى كۆزىمىزگە قالدالغان مىقتىن بىرى يوقالدى دەپ خوشال بولغان بولسىمۇ ئالىم ۋە شائىر تۇرغۇن ئالماسنىڭ تاۋۇتىنى تالىشىپ،قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ شۇ يىراقتىكى قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئالغان مىڭلىغان خەلقنىڭ سېپىنى كۆرۈپ«ئۇ ئۆلمەيتۇ،ئۇنىڭ روھى تىرىك ئىكەن»دەپ، ساراسىمگە چۈشۈپ قالدى.





# جەننەتنىڭ ئورنى نەدە؟

كۆرەش كۆسەن

(جەننەتنىڭ ئورنى ھەققىدىكى دەلىللىك قىياس ۋە تەكلىپلەر)

بۇ ئاجايىپ قىزىقارلىق، ئاجايىپ بۈيۈك ۋە ئاجايىپ ھېكمەتكە تولغان بىر تېما.

ئۇيغۇرلارنىڭ 17 مىڭ يىللىق تارىخى تەسۋىرلەنگەن كىتاپ ئېلان قىلىنغاندا، ئىلىم دۇنياسىدا قاتتىق «چۆچۈش» خارەكتىرىدىكى زىلزىلە پەيدا بولغان ئىدى. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ 17 مىڭ يىللىق تارىخى ھەققىدىكى شەرھلەشلەر ئىلىم دۇنياسىدا يۈت دەسسەپ تۇرالىغاندا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى قايتا يېزىپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە يېزىلغان مىليونلارچە كىتاپلار خۇددى دارۋىنىزىم تەلىماتى، ماركسىزىم تەلىماتى.... غا ئوخشاش «ۋاقتى ئۆتكەن مال» بولۇپ قېلىش تەقدىرىگە دۇچ كېلەتتى. مەيلى قانداق بولمىسۇن ئىلىم – پەن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھامان بىر كۈن«ئادىل سوتچى»نى مەيدانغا چىقىرىپ، ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇسى، دەپ قارايمەن.

«جەننەت» ھەققىدىكى بەس- مۇنازىرىمۇ تارىختىن بۇيان مەيلى ئىسلام، مەيلى خرىستىيان، مەيلى باشقا دىنلاردا بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان ئىلىم- پەن ساھەسىدە بولسۇن ھەرخىل نوقتىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەمما مۇسۇلمانلار «قۇرئان»دىكى جەننەت تەسۋىرىنى، خرىس- تىيانلار «ئىنجىل»دىكى جەننەت تەسۋىرىنى، ئىلىم ساھەسى- دىكىلەر ھەر خىل گۇمانى تەسەۋۋۇرلارنى ياقلاش بىلەن خولاسىلەندى.

جەننەتنىڭ ئورنى ھەققىدىكى «دەلىللىك قىياسلار»مۇ ئالىملار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغاندا ئەلبەتتە پۈتۈن دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ.

مەن ئۆزىمنىڭ ئاددى ئىزدىنىشلىرىم ۋە كۆرگەن ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن بۇ «دەلىللىك قىياس»نى چوڭ



يورەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلدىم. ئەمما بۇ ماقالىنى ئىلمى ماقالە ياكى دەلىللەش ماقالىسى دىيەلمەيمەن. چۈنكى بىرىنچىدىن: بۇ ھەقتە تەپسىلى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ۋاقىت كام بولدى.ئىككىنچى:بىرىنچى قول ماتېرىيالدىن قىينالدىم. شۇڭا بۇ ماقالىنى «دەلىللىك قىياس» دەپ ئاتاپ،كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىششىنى مۇۋاپىق، مۇتىدىل يول دەپ جەزملەشتۈردۈم.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، جەننەت چۈشەنچىسى، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى غايىسىدىكى ئەڭ ئاداققى گۈزەل مەنزىل، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئىنسانلارنىڭ كەلگەن يېرى جەننەت ۋە ھەققى مۆمىنلەرنىڭ بارىدىغان يېرىمۇ جەننەت.

ئەمدى بىز جەننەت ھەققىدىكى ھەرخىل چۈشەنچىلەرنى خۇلاسىلاپ قارىساق 4 خىل جەننەت چۈشەنچىسى مەۋجۇت.

1- تۇنجى جەننەت

تەڭرى تەرىپىدىن ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ مەڭگۈلۈك ياشاش ماكانى سۈپىتىدە لاھىلەنگەن ئاسماندىكى جەننەت.

2- جەننەت

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن تۇنجى گۇنا ئۆتكۈزگەن ۋە شۇ سەۋەپلىك زېمىنغا قوغلانغان چاغدا، ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ ياشىشى ۋە ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن شاپائەتلىك تەڭرى تەرىپىدىن تۇنجى جەننەتكە تەقلىت قىلىپ لاھىلەنگەن 2- جەننەت.

3- جەننەت تۇپان بالاسىدىن كېيىن ھەزرىتى نوھنىڭ ئۇممەتلىرى ئۈچۈن 2-جەننەت ئاساسىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ھازىر ئىنسانلار ئىزدەۋاتقان 3 - جەننەت.

4- جەننەت

ئىسلامى چۈشەنچە بويىچە تەڭرى«قۇرئان»دا ۋەدە قىلغان، مۆمىنلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى بارىدىغان بارارگاھى، يەنى 4- جەننەت.

قىسقىسى«جەننەت»ئىنسانىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى گۈزەل ۋە غايىۋى بىر مەنزىل. دۇنيادىكى چوڭ - كىچىك دىنلارنىڭ ھەممىسىدە جەننەت ھەققىدىكى ئوخشاش مەزمۇنلار ئوخشىمىغان شەكىلدە، ھەرخىل تەسۋىرلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. رىۋايەت قىلىنىشچە، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز بىر ساھابىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بىرىپ، «جەننەت - ئانىلارنىڭ ئايىقى ئاستىدا» دىگەن ئىكەن. ئەمما بۇ ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ۋە ئانىلارنى ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلەش نوقتىسىدىن ئېيتىلغاندۇر. ئۇندىن باشقا «ۋەتەن - جەننەتتۇر» دىگەن سۆزمۇ بار. بۇمۇ ۋەتەننىڭ ئەزىزلىكىنى ۋە مۇقەددەسلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئېيتىلغاندۇر.

ئۇنداقتا «جەننەت» دىگەن يارالمىشتا ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئەجدادى بولغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ياشىغان ۋە ئاخىرەتتە پۈتكۈل ئىنسان بارىدىغان، ئەمما پانى ئالەمدە ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىنى تەييارلايدىغان بىر غايىۋى مەنزىلمۇ ۋە ياكى جەننەت ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە بولغانمۇ؟

جەننەت زادى قەيەردە؟

دەلىللىك قىياس 1

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا

1960- يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمى قەبرىدىن تېپىلغان ئەر بىلە ئايالنىڭ چىرمىشىپ تۇرغان رەسىمى رىۋايەتلىردىكى «ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا»نىڭ تەسۋىرى كۆرۈنىشى دىگۈچىلەر بار.



تەخمىنەن بۇندىن 2000 مىڭ يىللار ئىلگىرى كۆسەن غارلىرىغا سىزىلغان رەسىملەر-دىكى بۇددا ئەقىدىلىرى تەسۋىرلىرىدىمۇ «ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا»نىڭ پائا-لىيەتلىرىگە ئوخشاپ كىتى-دىغان كۆرۈنىشلەر بار.

ئۇيغۇر ۋە يەھۇدى تىللىرىدىكى«ئادەم»دىگەن كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، ئۇ «ئادەم» يەنى ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى ۋە بۇ« ئاتا» نىڭ خاس ئىسمى بولسا، يەنە شۇ «ئادەم ئاتا» نىڭ بارلىق ئەۋلاتلىرىنىڭ ئومۇمى نامى«ئىنسان» دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. ئەمدى «ھاۋا ئانا» دىگەن سۆزگە كەلسەك ئەھۋال يوقارقىغا ئۇخشاش. يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھاۋا»دىگەن سۆزمۇ كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، «ھاۋا»دىگەن بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئانىسى.«ھاۋا»نىڭ خاس ئىسمى ۋە ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قامدايدىغان يەل(ئوكسىگىن) دىگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. بۇ ھال «ھاۋا

ئانا»ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى بىلەن ھاۋادىن ياسالغان، دىگەن رىۋايەت بىلەن ماس كىلىدۇ. بۇندىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدا «ھاۋايى- ھەۋەس»دىگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزدىن «شەيتان ئازدۇرۇپ ئازىدىغان»دىگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالمۇ «ھاۋا ئانا»نىڭ قىسمەتلىرى ۋە خارەكتىرى بىلەن تېخىمۇ ماس كىلىدۇ.

ئىراق، خىتاي تىلىدىكى«يادائ» ۋە «شاۋا»، ئىنگلىز تىلىدىكى«ئادام» ۋە «ئىۋا»دىگەن سۆزلەر شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان سۆزلەر بولماستىن بەلكى چەتتىن كىرگەن «يىڭى»سۆزلەردۇر.

دىمەك، ئۇيغۇرلار«ئادەم ئاتا» ۋە «ھاۋا ئانا» ھەققىدە ئەڭ قەدىمى چۈشەنچىگە ئىگە بولغان خەلق. ئەگەر ئالىملارنىڭ كۆرسەتكىنىدەك ئۇيغۇرلارنىڭ 17 مىڭ يىللىق تارىخى بار دەپ قارالسا، شۈبھىسىزكى ئۇيغۇرلار «ئادەم ئاتا»نىڭ بىۋاستە ئەۋلاتلىرى. يەنى «2- ئادەم ئاتا» دەپ ئاتالغان ھەزرىتى نوھنىڭ تېخىمۇ بىۋاستە ئەۋلادى.

دەلىللىك قىياس 2

ئادەم(ئىنسان)تەڭرىنىڭ يەردىكى سايىسى. تەڭرى ئادەمنى ئۆزىگە تەقلىت قىلىپ ياسىغان. يەنى كۆچۈرگەن. دىمەك ئادەم تەڭرىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسقىسى. بۇ خۇددى ھازىرقى ئىنسانلار كومپيۇتېرنى ئۆز مېڭىسىگە تەقلىت قىلىپ ياساپ چىققىنىغا ئوخشاش «كۆچۈرۈش»ھادىسىسىنىڭ قايتا تەكرارلىنىشى.

دىمەك، تەڭرى«ئادەم»دىن ئىبارەت «كومپيۇتېر»نى ئۆزىگە تەقلىت قىلىپ ياساپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا بەلگىلىك سىستېمىدا ھەرىكەت قىلدىغان «پىروگرامما»نى قاچىلاپ قويغان، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ بۇ «پىروگرامما»نى توغرا ئىشلىتىشى ئۈچۈن ھەممىگە باپ كىلىدىغان ۋە ھېچقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ، كونىراپ قالمايدىغان«قوللانما»نى يەنى بىز بىلىدىغان «قۇرئان»، «ئىنجىل»، «تەۋرات»، «زەبۇر» دىن ئىبارەت مۇقەددەس كىتاپلارنى چۈشۈرگەن ۋە بۇ كىتاپلارنى شەرھىلەش، بەندىلەرگە توغرا يەتكۈزۈش ئۈچۈن «پەيغەمبەرلەر»نى ئەۋەتكەن. شەيتاندىن ئىبارەت «ۋىرۇس»تىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ «كومپيۇتۇر»نىڭ مەركىزى مېڭىسىنى-«قەلب=ئېتىقات»نى كۈندە بەش ۋاخ تازىلاپ تۇرۇش ئۈچۈن – بەش ۋاق نامازنى پەرىز قىلدى. ئەمدى «ئىنسان»دىن ئىبارەت «كومپيۇتېر»نىڭ كۆپىيىشى، تارقىلىشى ئۈچۈن «ھاۋا»دىن ئىبارەت «كوپىيە ماشىنىسى»نى ياراتقان. مانا بۇ شۇ قەدەر ئىنچىكىلىكتە، شۇ قەدەر مەنتىقىلىقتا ئىگە بولغان ئىلاھى تەرتىپنىڭ ئاددى سىخېمىسى ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ئۈزلۈك مەنتىقىسىدىكى ئىجادىيەت، كەشپىيات، ئىختىرا دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئىلاھى تەرتىپنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كىتەلمىگەن. پەقەت تەقلىت، تەقلىت يەنە تەقلىت پىرىنسىپىنىڭ نورمال داۋاملىشىشى ئەمەسمۇ؟

سۆزىمىزگە كەلەيلى، شۇنداق قىلىپ، تەڭرى-ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى خاتالىقلىرىنىڭ جازاسى سۈپىتىدە زىمىنغا چۈشەردى. ئەمما تولىمۇ شاپائەتلىك ۋە مېھرىبان تەڭرى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋانىڭ يىڭى مۇھىتتا«غېرىپسىنىپ»قالماسلىقى ئۈچۈن زىمىندىمۇ ئەسلىدىكى جەننەتكە ئوخشۇتۇپ، «تەقلىت قىلىپ» زىمىندىكى 2- جەننەتنى ياساپ بەردى ۋە بۇ يەرگە«ئېدىن» دەپ ئىسىم قويدى. ئەرەپچىدە «جەننەت»دەپ قوللىنىلغان بۇ ئىسىم ئەرەپلەردىن مىڭ يىللار بۇرۇن يۈكسەك مەدەنىيەت ئۇچاقلىرىنى پەيدا قىلغان كىرىكلەردە «ئېدىن» دەپ ئاتالغان. ئۇنداقتا كىرىكلەر نەدىن كەلگەن؟ كىرىك تىلىدىكى بەزى سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئۆز ئارا«سىڭىشىش»ھادىسىسىنى قانداق چۈشۈنۈش كىرەك؟ كىرىك مۇزىكىسىدىكى 7 رايون يەنى 7 كۈي چۈشەنچىسى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىكى 7 رايون يەنى 7 كۈي چۈشەنچىسىدىكى ئوخشاشلىقلارنى، سۇجۇپنىڭ 7 تاران 5 كۈي نەزىرىيىسىدىكى ئىنچىكىلىكلەرنى قانداق چۈشۈنۈش كىرەك؟ بۇناھايىتى چوڭ تېما بولۇپ، ئالىملارنىڭ داۋاملىق ئىزدىنىشىگە قالغان مەسىلىلەر. ئەمما بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدا «قىياس»لىرىمىزغا بەلگىلىك پايدىسى بار دەپ قارايمىز. دىمەك، رىۋايەتلەردىكى «ئېدىن» بىلەن «ئۇدۇن»نى پەقەت تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياسىغان بىر سۆز دەپ قارايمىز.يەنى بۇنىڭ فورمىلاسى خوتەن= ئۇدۇن=ئېدىن . بىز«2- جەننەت»ھەققىدە كۆپ توختالمايمىز.چۈنكى 2- جەننەت تەڭرىنىڭ غەزىپى ۋە ھەزرىتى نوھنىڭ ئىلتىماسى بويىچە پۈتۈنلەي ھالاك قىلىنغان. توپان بالاسىدىن كىيىن پۈتۈن يەر يۈزىدە پەقەت ھەزرىتى نوھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بولۇپ، 8 لا ئادەم قالغان. ھازىرقى ئىنسانلار ھەزرىتى نوھنىڭ ئاۋلاتلىرىدۇر. دىمەك، ئالىملارنىڭ ۋە دىنى

ئۆلىمالارنىڭ جەننەت ھەققىدىكى دە- تالاشلىرى بەلكىم ئاشۇ بۇرۇنلا تەگرى تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان 2- جەننەت ۋە شاپائەتلىك ئۇلۇغ تەگرى ھەزرىتى نوھ جەمەتىگە قايتا ئىنئام قىلغان 3- جەننەت بولسا كېرەك.

دەلىللىك قىياس 3

بىز ئالدى بىلەن ھەزرىتى نوھ ھەققىدە قىسقىچە بايان بېرىمىز. قېنىق يېزىلغان سۆزلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ: ھەزرىتى **نوھ** تەگرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر «كېمە»ياسىدى. بۇ كېمە **3 ئېغىز**، **دېرىزىلىك**، ۋە **تۈگلۈكى** بار قىلىپ ياسالدى. تەگرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن 40 كېچە-كۈندۈز يامغۇر يېغىپ، ئالەمنى سۇ باستى. توپان بالاسى 150 كۈن داۋام قىلدى. كېيىن يامغۇر توختاپ، ئالەم تىنجىدى. ھەزرىتى نوھ 601 ياشقا كىرگەن يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنى كېمىنىڭ دېرىزىسىنى ئاچتى،7 كۈندىن كېيىن قاغىنى «ئەلچى»لىككە ئۇچۇرتتى، يەنە 7 كۈندىن كېيىن، كەپتەرنى ئۇچۇرتتى، يەنە 7 كۈندىن كېيىن يەنە كەپتەرنى ئۇچۇرتتى. بۇ قېتىم كەپتەر ئاغزىدا مايسا چىشلەپ كەلدى. كېيىن ھەزرىتى نوھ قۇربانلىق قىلىپ، نەزىر ئۆتكۈزدى ۋە يېڭى ھاياتنى باشلىدى.

دېمەك، ھازىرقى ئىنسانلار نوھنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. خوش سۆزىمىزگە كەلسەك، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلىدا يەنى رۇس تىلىدا «نوۋى»، ئېنگىلىز تىلىدا «نەۋ»، شۋېت تىلىدا «نۇئا»، ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا «نەۋ»...دېگەن سۆز ئوخشاشلا بىر مەنىنى يەنى «يېڭى»دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدا يەنى نەۋقىران، نەۋباھار، نەۋرۇز دېگەن سۆزلەر بولۇپ، بۇ يەردىكى نەۋ دېگەن سۆز ئوخشاشلا يېڭى دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزلەرنى پارسچىدىن كىرگەن دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مىنىڭچە ئىلىم قانۇنىيىتىگە ئانچە ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك. بەلكىم نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىدىن پارسچىغا كېيىن پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرگەن، دېسەك ئەقىلغە بىرئاز مۇۋاپىق. ئەلۋەتتە بۇ تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ ئىجتاھاتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولغان ئۇيغۇرىستاندىكى شەھەرلەرنىڭ بىرى خوتەندىكى «نىيە» ناھىيىسى. «نىيە خارابىسى» ۋە «نىيە دەرياسى»دېگەن ناملار بار. بۇ يەردىكى «نىيە»بولسۇن ۋە چەتئەل تىلىدىكى «نوا»، «نوھ»، «نويا»، «نوا» بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئىپادىلىمۇاتقان مەنىسى پەقەت بىرلا-يەنى «يېڭى بىر كۈن» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. بۇنى نوھنىڭ تۇنجى كۈنى دېگەن مەندە چۈشۈنىشكىمۇ بولىدۇ.

دېمەك، خوتەندىكى «نىيە»دەپ ئىسىم قويۇلغان جايلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ يىراق ئەجدادى بولغان نوھنىڭ نامىغا قويۇلغان ۋە «نوھ ئاتا»نىڭ نامىنى خاتىرلەش ئۈچۈن قويۇلغان.

دەلىللىك قىياس 4

رىۋايەتلەردە ھەزرىتى نوھ، تەگرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە 3 قەۋەتلىك (ئەمەلىيەتتە 3 ئېغىزلىق) كېمە ياسىغان. كېمىنىڭ يان تەرىپىدە دېرىزە ۋە ئىشىك، ئۆگزىسىدە تۈگلۈك بولغان. رىۋايەتلەردىكى تەسۋىرلەرگە ئاساسەن تەقلىت قىلىپ



ياسالغان تۈۋەندىكى مودېلنى كۆرۈڭ.

ياپونىيە ئارخېئولوگلىرى 1996- يىلى «نىيە خارابىسى» نى تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇنىڭدىن 2200 يىللار بۇرۇن ياسالغان بىر قەدىمى «ئۆي» خارابىسىنى بايقىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆي سېلىش مودېلى پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى قۇرۇلما ئورتاقلىقىغا ۋە ئەنئەنە ئىزچىللىقىغا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئۆي قۇرۇلمىسى 3 ئېغىز(ساراي ،دالان،ئامبار) دېرىزىلىك، ئىشىكلىك ۋە تۈگلۈكى بار قىلىپ ياسىلىدۇ. مانا بۇ دەل نوھنىڭ كېمىسىنىڭ مودېلى ئەمەسمۇ؟



دېمەك، نوھنىڭ كېمىسى توپان بالاسىدىن كېيىن بۇگۈنكى خوتەن دىيارىدا يەرگە قونغان. نوھنىڭ ئەۋلادلىرى

ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى تەڭرىنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە ياسالغان مۇقەددەس كېمىنىڭ مودېلىغا تەقلىت قىلىپ ياسىغان ۋە بۇ خىل مودېل ئۇيغۇرلاردا بۇگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

دەلىللىك قىياس 5

«نىيە خارابىسى»دىن تېپىلغان «ئۆي»نىڭ 9 تال تۈۋرۈكى بولغان. بۇ نوھنىڭ كېمىسىنىڭ 9 تال تۈۋرۈكى



بولغانلىقى بىلەن ئىزچىللىقتا ئىكە. نوھ ياسىغان 133 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كېمىگە 9 تال تۈۋرۈك قويۇلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ 9 سانىنى مۇقەددەس بىلىشى دەلىللىك قىياسىمىزنى مەلۇم ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلاردا«9 قىز»، «9 ئوغۇل»، «9 تاغاق»، «9 تەل»، «9 ئۆتەڭ»، «9 تازىم»، «9 ئۇيغۇر»، «9 ئوغۇز» قاتارلىق سۆزلەريار.

دەلىللىك قىياس 6

توپان بالاسىدىن كېيىن يەر يۈزىگە تۇنجى دەسسىگەن جانلىق، كەپتەر بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ھەتتا بىر قىسىم سىياسى تەشكىلاتلارمۇ كەپتەرنى تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ سىمۋولى قىلىشى، بەلگىلىك تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ كەپتەرنى ئالاھىدە قەدىرلىشى، ھەر ئۆيدە مەلۇم ساندا كەپتەر بېقىشى يەنە كېلىپ كەپتەرنى ئۆگزىدە بېقىشى ۋە ئەڭ مۇھىمى بېقىلغان كەپتەرلەرنى ئاشۇ «تۈنلۈك»تىن كىرىپ چىقىدىغان قىلىپ بېقىشى، كەپتەرنى«ھەممىگە شىپا دورا» دەپ مۇقەددەس بىلىشى... قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك باغلىنىش ۋە ئىزچىللىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دەلىللىك قىياس 7

توپان بالاسىدىن كېيىن ھەزرىتى نوھ كەپتەرنى «چارلاش»قا ئەۋەتىدۇ. كەپتەر ئاخىرقى قېتىم قايتىپ كەلگەندە ئاغزىدا بىر تال مايىسنى چىشلەپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېمىدىكىلەر يەرگە چۈشۈپ «ئۇرۇقلۇق»ئېلىۋالغان ھايۋانلاردىن ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىدۇ.9 خىل زىرائەتنىڭ دېنى بىلەن تاماق قىلىدۇ. دېمەك نوھ ئۆز ئائىلىسى بىلەن جەم ئولتۇرۇپ يېڭى ھاياتنىڭ تۇنجى كۈنىنى تەبرىكلەيدۇ.

بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا نوھنىڭ ئائىلىسى تۇنجى ئەتكەن تاماق جۇۋاۋا ئىكەن .چۈنكى جۇۋاۋىنىڭ شەكلى كېمىگە ئوخشايدۇ ۋە ئۇنىڭ قايناۋاتقان سۇدا لەيلەپ يىشىشى توپان بالاسىنى ئەسلىتىدۇ. دېمەك، كېمە ۋە توپان بالاسىغا تەقلىت قىلىپ، بۇ تاماق ئىجاد قىلىنغان.

يەنى تەيۋەندە نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، دېگەن كىتاپتا يېزىلىچە «بۇنىڭدىن 2200 يىللار ئىلگىرى ختاي ساياھەتچىسى جاڭ چيەن كۆسەن دۆلىتىگە كەلگەندە يازغان خاتىرىسىدە «كۆسەنلىكلەرنىڭ خېمىرنى نېپىز يېيىپ ، ئىچىگە قىيما تىقىپ، سۇدا قاينىتىپ پۇشۇرۇپ يەيدىغان بىر خىل تامىقى بار ئىكەن. بۇ تاماق بەك يېيىشلىك ئىكەن ۋە ئۆزۈمنى ئېچىتىپ ئۇنىڭ سۈيى بىلەن بىرخىل ئىچىملىك ياسايدىكەن. ئۇنى ئىچسە كىشىنى خۇشخۇي قىلىدىكەن.» دېگەن، كېيىن جاڭ چيەن غەربى رايوندىن بەرياپ، غوڭقا، نەي... قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاپلارنى ۋە «ئۇلۇغدۇر» مۇقامىنى، تاماق، ئىچىملىك رېتسىپلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كەتكەن، جۇۋاۋا كېيىن ختايلارغا كەڭ ئومۇملاشقان.

ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ نەۋرۇز بايرىمىدا(يېڭى كۈن بايرىمى)مايسا ئۆستۈرۈپ تەييارلىق قىلىشى، 9 خىل دان بىلەن كۆجە ئېتىشى قىلىشى، ئائىلە ئەزالىرى تولۇق يىغىلىپ ئولتۇرۇپ جۇۋاۋا يېيىشى ۋە ھەتتاكى ختايلارغا تارقاپ بارغان جۇۋاۋىنىڭ پەقەت رېتسىپلا تارقاپ قالماستىن ئائىلە ئەزالىرى جەم بولغاندا بولۇپمۇ«يېڭى يىل» خاتىرجەملىكنى سىمۋول قىلىپ يەيدىغان ئادەت ئەنئەنىسىنىڭمۇختايلارغا يېتىپ بارغانلىقى ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئومومى مىللى تاماققا ئايلىنىپ كېتىشى قاتارلىقلار كىشىنى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

دېمەك، نەۋرۇزدا مايسا ئۆستۈرۈپ 9 خىل دان بىلەن كۆجە ئېتىش ۋە جۇۋاۋىنى ئائىلە جەملىكىنىڭ سىمۋولى قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەزرىتى نوھتىن قالغان ئەجدات ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نەۋرۇز ئۇيغۇرلارغا ئاتا مىراس قالغان ئەڭ مۇقەددەس بايرامدۇر.

دەلىللىك قىياس 8

رىۋايەت قىلىنىشچە توپان بالاسى بولغاندا بۇلاقلار يېرىلىپ، دەريالار تېشىپ، 40 كېچە-كۈندۈز قاتتىق يامغۇر يېغىپ، پۈتۈن يەر-زېمىننى سۇ قاپلاپ ھەتتا ئەڭ ئېگىز تاغلارمۇ100 مېترچە سۇنىڭ ئاستىدا قالغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ۋە مەھەللىۋى قىممەت قارىشىدا «40 كېچە-كۈندۈز»دېگەن ئالاھىدە بىر مەنىگە ئىگە بولغان سان چۈشەنچىسى بار. ئۇيغۇرلاردا « 40 كېچە-كۈندۈز توي قىلىش»، «40 كېچە-كۈندۈز زىياپەت بېرىش»، «40 كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىش»، «40 كېچە-كۈندۈز سەپەر قىلىش» قاتارلىق مۇقەددەس سان چۈشەنچىلىرى بار.

مانا بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن«40كېچە-كۈندۈز» داۋام قىلغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئاخىرقى بالايى ئاپەت بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس سان چۈشەنچىسىدىكى«40كېچە- كۈندۈز»نىڭ نوھ بىلەن ئۇيغۇرنى باغلاپ تۇرغان ئىزچىللىقلارنىڭ بىرى.

1899- يىلى شۋېتسىيەلىك ئارخېئولوگ سېۋېن ھېدىن يەكەن دەرياسى بىلەن ئېقىپ 100كۈندىن ئارتۇق يول يۈرۈپ كورلىغا كەلگەندە «سال»ى بۇزۇلۇپ قالغانلىقتىن توختاپ قالغان .ئەسلى پىلان بويىچە يەنى 30- 40 كۈنچە مېڭىپ لوپنۇر كۆلىگە كەلمەكچى ئىكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ھەزرىتى نوھ كېمىدە 150 كۈن ئاققان.

دېمەك، نوھنىڭ كېمىسى« تاغلار ئاتىسى»دەپ نام ئالغان پامىر تاغلىرى ئەتراپىدىن لوپنۇر كۆلىگىچە 150 كۈن ماڭغان. دەل مۇشۇ مۇساپىنى سېۋېن ھېدىنمۇ 100 نەچچە كۈن ماڭغان. بۇ ئارىلىقنى كونكرېت ھېساپلاش ئەلبەتتە گېئولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە خادىملىرىغا مەنسۇپ خىزمەت.

دەلىللىك قىياس 10

رىۋايەت قىلىنىشچە ھەزرىتى نوھ دۇنيادىكى تۇنجى دېھقان بولۇپ، توپان بالاسىدىن كېيىن تەك ياساپ ئۈزۈمچىلىك قىلغان ۋە ئۈزۈمدىن «بوز» ياكى مۇسەللەس ياساپ ئىچىپ ئۇخلاپ قالغاندا ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغان ۋە نوھنىڭ ئوغۇللىرى ھام دادىسى نوھنى مەسخىرە قىلغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە بۈگۈنكى كۈندە كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقان بولۇشى ئەنە شۇ «ئاتاكەسىپ»كە بولغان ساداقەتمەنلىك ئەمەسمۇ؟ يەنە بىر مىسال : بۈگۈنكى خوتەن پۈتۈن خىتاي بويىچە «يىپەكچىلىك»تا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇدۇ. يەنى ماشىنا بىلەن تال باراڭلىرىنىڭ ئاستىدا مېڭىپ پۈتۈ ن يېزىنى ماشىنىدىن چۈشمەي ئايلىنىپ چىققىلى بولىدۇ. جۈملىدىن پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا ئورتاق بولغان بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ھەرقانداق ئۇيغۇر تال باراڭ بەرپا قىلىپ، باراڭنىڭ ئاستىدا ھايات كەچۈرىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئۇيغۇرلارغا خاس مىللى ئالاھىدىلىك دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىرى: بۈگۈنكى كۈندە خوتەننىڭ «قىزىل گۈل ۋىنوسى» ئەتىۋارلىق ئىچىملىك بولۇپ، خىتاي دۆلەت زىياپەتلىرىدە »قىممەتلىك» مېھمانلارغا ئالاھىدە قويۇپ بېرىدۇ. تارىخى يازمىلار ۋە قازمىلارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈزۈمدىن ئىچىملىك ئىشلەش تارىخى 3000 يىلدىن ئاشىدىكەن.

دېمەك، ئۇيغۇرلاردىكى دېھقانچىلىق ئىزچىللىقى، بولۇپمۇ خوتەندىكى ئۈزۈمچىلىك ۋە شاراپ ئىشلەپ چىقىرىش كەسىپلىرى ھەزرىتى نوھتىن مىراس قالغان « ئاتاكەسىپ» ئەمەسمۇ؟

دەلىللىك قىياس 11

تەكلىماكان ھەققىدىكى قېزىش ۋە تەتقىقاتلاردۇنيا خارەكتىرىنى ئالغان ۋە ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولغان دۇنياۋى ئىلمى ئىزدىنىشلەرنىڭ بىرى.

تەكلىماكان ھازىرغىچە «تەكتى ماكان»، «تەكلى ماكان» دېگەن ئىككى خىل نامدا ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئەمما بىز قىياسىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇن بىلەن چەكلىنىمىز. ئەگەر «تەكتى ماكان» دېيىلگەندە بىرەر چوڭ ئاپەتنىڭ نەتىجىسىدە قۇملىقنىڭ ئاستىدا قالغان بىر«ماكان» نىڭ مەۋجۇتلىقى، ھېچ بولمىغاندا بىر ماكاننىڭ مەۋجۇت بولغان ئەمما ھازىر غايىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسىنى ئىزدەپ ئاخىرى «تەكتى ماكان»غا كىلىپ ...ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى بىر سىر. ئەمما بۇ «سىر»نى ئاچىدىغان ئاچقۇچ تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن،(مورگان) دېگەن خۇلاسىگە كېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئەمدى «تەكلى ماكان» ئاتالغۇسىغا كەلسەك، بۇ تەبىئى ھالدا ساپ تۈرك تىلى بولۇپ، تەكلىك ماكان ياكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى ماكان دېگەن مەنىنى

بىرىدۇ. تەكلى ماكان قۇملۇقىنىڭ بىرىنچى قاتلىمىدىن تېپىلغان ئارخېيولوگىيەلىك تېپىلمىلار، قەدىمى خارابىلار ۋە ئۈزۈم تاللىرىنىڭ قالدۇقلىرى قاتارلىقلارنىڭ تېپىلىشى قىياسىمىزنى يىراق ئەجدادىمىز ھەزرىتى نوھنىڭ ئۈزۈمچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر ھەقىقەتكە يېقىنلاشتۇرۇدۇ. دېمەك، تەكلى ماكان دېگەن ئۈزۈمزارلىق يۇرت دېگەنلىكتۇر. ئۈزۈمزارلىق كەسپىنىڭ پىرى-ئۇستازى ھەزرىتى نوھتۇر. ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ نەسەبى ۋارىسلىرىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ئالىملار نوھنىڭ كېمىسى ئەققىدە ھەرخىل قىياسلارنى قىلىشماقتا. بەزىلەر نوھنىڭ كېمىسى «ئىنجىل»دىكى تەسۋىر بويىچە تۈركىيەنىڭ شەرقىدىكى ھارارات تاغ تىزمىلىرىدا قونغان دېسە، بەزىلەر قارا دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن دېيىشىدۇ. مېنىڭچە بىر يىلغا يېقىن سۇدا لەيلەي يۈرۈپ، چۆكۈپ كەتمىگەن كېمە قارا دېڭىزغا چۆكۈپ كېتەرمۇ؟ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا دېڭىزھاسىل بولمىغان چاغلاردا تارىم ۋادىسى بىر بوستانلىق ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، توپان بالاسى باشلىنىپ 150 كۈن بولغاندا ئېگىز تاغ چوققىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغان.

دېمەك، نوھنىڭ كېمىسى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى »دەپ ئاتالغان ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولغان پامىر تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق ئافرىقىنىڭ ئىسسىق بەلۋاغلىرى تەرەپكە ماڭماستىن ئەكسىچە خۇددى تەڭرىنىڭ ۋەدىسىدە دېيىلگەندەك «4 پەسلى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرۇدىغان، ئەڭ مۆتىدىل بەلۋاغ تارىم ۋادىسىغا كېلىپ قونغان. مېنىڭچە بۇ كېمە «تەكلى ماكان»، « تەكتى ماكان » دەپ ئاتالغان مۇشۇ سىرلىق ۋە ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرىنىڭ تېگىدە . بۇ كېمە ھامان بىر كۈنى تېپىلغۇسى!(ئەگەر ئۇ كېمە خىتاينىڭ سان-ساناقسىز ئېلىپ بارغان ئاتوم سىناقلىرىدا ۋەيران قىلىۋېتىلمىگەن بولسا...)

دەلىللىك قىياس 13

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتە چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچلىقىنى بىلىپ قالىدۇ ۋە نومۇس قىلىشنى بىلىدۇ، كېيىن ئەنجۈردىن ياردەم سوراپ، ئۇنىڭدىن ياپراق ئارىيەت ئېلىپ، «يالىڭاچ»يەرلىرىنى ياپىدۇ ۋە كېيىن تەڭرى تەرىپىدىن جازالىنىپ زېمىنغا چۈشۈرۈلگەندە تەڭرى ئەنجۈرنىمۇ بىللە سۈرگۈن قىلىدۇ ۋە «چېچەك ئاچماستىن مېۋە بەرگەيسەن ھەم مېۋەڭنى كىشىلەرئۈزۈپ تۈرۈپ يىگەي»دەپ قاغىۋېتىدۇ.

خوتەندە ئالاھىدە قوغدىلىدىغان 500 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان ئەنجۈر دەرىخى بار. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارئەنجۈرنى يىگەندە «شاپالاق»بىلەن ئۈرۈپ تۈرۈپ يەيدۇ. دەرۋەقە ئۈرماي يىگەن ئەنجۈر بىلەن ئۈرۈپ يىگەن ئەنجۈرنىڭ تەمىمۇ ئوخشىمايدۇ. دېمەك، ھەزرىتى نوھ ئادەم ئاتىدىن مىراس قالغان بۇ ئەنجۈر دەرىخىنى خوتەندە يېتىلدۈرۈپ ئۆز ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرغان.

دەلىللىك قىياس 14

رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا تەڭرى – زېمىنىنىڭ شەرقىدە «ئېدېن» دېگەن يەردە بىر باغ ياسىدى. بۇ باغدىن 4 دەريا ئاقاتتى. بىرىنچى دەريادىن ئالتۇن ۋە قىممەتلىك مەرۋايىت تاشلار چىقاتتى، ئىككىنچى دەريادا كۈمۈش ئاقاتتى، دېيىلگەن.... ئېنگلىز تىلىدا «گادىن»، شۋېت تىلىدا«گودىن» دېگەن سۆزلەر« باغ» دېگەن مەنىدە. ئەمدى سۆزىمىزگە كەلسەك، بۈگۈنكى خوتەننىڭ نامى قەدىمكى زامانلاردا ھەرخىل ئاتالغان. مەسىلەن: «تارىخنامە» دە «يۇتەن»، «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «ئۇدۇن»، «غەرىپكە ساياھەت خاتىرىسى»دە «يۇتيەن»، قەدىمكى ھونلارنىڭ تىلىدا «ئۇدۇن»، كونا خوتەن قارۇشتى يېزىقى تارىشا پۈتۈكلىرىدە «گوھتان»، «يېڭى تاڭنامە»دە «گودەن»قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. قىسقىسى ھەرقايسى مىللەتلەردە ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنغان «ئۇدۇن» دېگەن سۆز ھەرەمباغ- جەننەت دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغانداخوتەن دىيارىدا پامىر تېغىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان 4 دەريا بولغان. بۈگۈن ئۇنىڭ ئىككىسى قۇرۇپ كېتىپ، قارىقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. تارىخى مەنبەلەردە خوتەندىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريالارنىڭ بىرسى لوپنۇر كۆلىگە يەنە بىرى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ، دېيىلگەن. بىراق خوتەننىڭ «ئۇدۇن» دەپ ئاتىلىشى ۋە بۇ يەردىن 4 دەريانىڭ ئېقىپ ئۆتۈشى، خوتەندە ئالتۇننىڭ كۆپ چىقىشى، خوتەن دەريالىرىدا قاش تېشىنىڭ كۆپ چىقىشى ۋە خوتەننىڭ قاش تېشى پىششقلاپ ئىشلەش مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ 3000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇشى ۋەخوتەندىكى دەريالاردا سىماپ چىقىشى قاتارلىقلار ئېپتىدائى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغان قىياسلىرىمىزنى نىسپى

بولسىمۇ دەلىللەشكە يېتەرلىك دەپ قارايمىز. بىر قىسىم ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار ئىتالىيە ،ئىراق ياكى سۈرىيەدىكى «4 دەريا»نى نەقىل كەلتۈرۈپ، جەننەتنىڭ ئورنى ئىتالىيەدە، ئىراقتا ياكى سۈرىيەدە دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. بۇ يەردىكى 4 دەريا ھادىسىسىنى تاسادىپىلىق، دەپ خۇلاسە قىلىمىز. چۈنكى، ئۇ دەريالاردىن خوتەن دەرياسىدىكىدەك ساپ ئالتۇن، ئېسىل قاش تېشى ۋە سىماپ چىقمايدۇ. شۇنداقلا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا خوتەن دىيارىدىكى 7000 يىل بۇرۇنقى ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق ئىزنالىرى بايقالغان.

دېمەك، جەننەت- خوتەن،خوتەن — جەننەت. يەنى 3- جەننەت.

دەلىللىك قىياس 15

توپان بالاسىدىن كېيىن ئەسلىدىكى جەننەت پۈتۈنلەي بەربات بولغان. ئەمما ھەزرىتى نوھ ئەسلىدىكى جەننەتنى ياد ئېتىپ، يېڭى چۈشكەن يەرگە «ئېدېن» دەپ نام بەرگەن. بۇ جاي مىران قەدىمى شەھىرىنىڭ 35 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان «ئېدېن» خارابىسىنىڭ دەل ئۆزى شۇ.

دەلىللىك قىياس 1

يېقىنقى زامان ئىنسانشۇناس ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا نوھنىڭ 3 ئوغلىنى مەنبە قىلغان ئىنسان مەدەنىيەت تۈركۈملىرى ھادىسلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىرسىيەت- لىك ئىزچىللىق ۋە مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئورتاقلىق ئاساسەن3 خىل مەدەنىيەت تۈركۈمى چەمبىرىكى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنى1- چەمبەر-غەربى ۋە شەرقى ياۋروپا. 2- چەمبەر- شەرقى جەنۇبى ياۋروپا، شىمالى ئافرىقا، كىچىك ئاسىيا، كاۋكاز، مەركىزى ئاسىيا ۋە ھىندىستان. 3- چەمبەر- شەرقى ۋە شەرقى شىمالى ئاسىيا، شەرقى جەنۇبى ئاسىيا. مەدەنىيەت تۈركۈملىرىنىڭ چېگىرىسىنى تىل گۇرۇپپىلىرى، تىل سىستېمىلىرى ۋە باشقا مەدەنىيەت گېنلىرى جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا بۈگۈن دۇنيادا «مىران» دەپ ئاتىلىدىغان 30 دىن ئارتۇق جاي، شەھەر ياكى ئورۇن بار ئىكەن. دېمەك، خۇددى ھەزرىتى نوھ ئۆزى تۇرغان «يېڭى ماكان» ئەسلىدىكى جەننەتكە قىياس قىلىنىپ «ئېدېن» يەنى «ئۇدۇن»دەپ ئىسىم قويغانغا ئوخشاش نوھنىڭ 3 ئوغلىنى ئەجدادىي مەنبە قىلغان «ئەۋلاتلار»ئۆزلىرى بارغان جايلارغا «مىران» دىگەن ئىسىملارنى قويۇشقان. بۇندىن باشقا قەدىمى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ مەركىزى ئاسىيادىن پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا دىگۈدەك چوڭ كۆچۈش، ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە تەتقىقات نەتىجىلىرى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا بۇ ھەقتە بۇ يەردە كۆپ توختالمىدۇق. دېمەك دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ يىراق ئەجدادى مىراندىن تارالغان.

دەلىللىك قىياسىمغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمەن.

1-ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ياشىغان جەننەت دەل بۈگۈنكى خوتەن تەۋەسىدە

2- ھەزرىتى نوھنىڭ كېمىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدا توختىغان.

3-رىۋايەتتە تەسۋىرلەنگەن جەننەتتىكى 4 دەريا خوتەندىكى 4 دەريانىڭ ئۆزى شۇ.

قىسقىسى جەننەت= ئېدېن=خوتەن.

دەلىللىرىم قىياسلىرىمنى توغدى، قىياسلىرىم ئىسپاتلىرىنى تاپىدىغانلىقىغا گۇمانى ئىشىنىمەن.

يېقىن كەلگۈسىدە ئالىملىرىمىز بۇ «سىرلىق ھېكمەت»لەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماكانى ۋە ئەسلى ئەجدادىنى تونۇتۇپ قويىدۇ.

پايدىلانغان قىسمەن ماتىريال مەنبەلىرى:

1- ختايچە «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ساياھەت»

2- «قۇرئان» ۋە «ئىنجىل» نىڭ ھەرخىل نەشىرلىرى

3- «قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا»

4- رۇسچە «قەدىمكى دۇنيا ئاتلىسى»

5- ختايچە «دۇنيا ئاتلىسى»

6- شۋېتچە، ختايچە، تۈركچە ۋە باشقا تىللاردىكى مۇناسىۋەتلىك ماتىرياللار.

كۈرەش كۈسەن




1

سۈندۇرۇپ تۆمۈر قەپەزنى ئەركىكە چىققان بۆرىمەن،
ھۆررىيەت باغىدا مىسلى پادىشاھى – تۆرىمەن.

شۇ قەپەزدە مىللىتىم، پاك ۋەتىنىم، ئەۋلادلىرىم،
قالدى گويا ۋەيلۇن دوزاقتا ئەينەن كۆرىمەن.

يۈرىكىم سىقىلدى، رىسقىم ئۆتمىدى گالدىن پەقەت،
ھەر نەپەس ئازاپتا خەلقىم تەقدىرىگە جۆرىمەن.

ئاگلىنار پەريادى ئەلنىڭ ھەر ساباھ ئەزان بىلەن،
كۈندە مىڭ مەرتە پىغان، دەرت، غەم ئىچىدە ئۆرىمەن.

ئەي جاھان ئاڭلا بۇگۈن مەن باغلىدىم قىساس كەمەر،
چاقنىدى ئۈمىد نۇرى، ياۋنىڭ قىزىلغان گۆرىمەن.

2

شۆھرەتۇ-مەنسەپنى تاشلاپ ھەق ئۈچۈن چاقتىم قەپەز
تۈنجى رەت ئەرك ئاسمانىدىن قانغۇچە ئالدىم نەپەس.

يىلتىزى چوڭقۇر ئىكەن قالدى ۋەتەندە يۈرىكىم،
جىسمى تەن بىللە باراۋەر ئېپ كىتىش مۇمكىن ئەمەس

ئىلكىگە ئالدى قاباھەت زەنجىرى قەلبىمنى چىڭ،
دۈشمىنىمنىڭ نەشتىرى خەلقىمگە ھەر قىلغاندا قەس،

مەن ئەرك ئىچرە كۈلەرمەن يۈرىكىم يىغلار لىكىن،
تەقدىرى بىر ئەل بىلەن ئىرادىسى ھېچ تەۋرىمەس.

شۇ يۈرەك ۋولقان كەبى پارتىلايدۇ بىر كۈن ئاقىبەت،
ئەل باشىدىن يوق بولار مەھكۇم قىسمەت شۇندا بەس.

3

شائىرىم بۇلبۇلگويا سەن شۇم قەپەزدە سايرىما،
مىللىتىمنىڭ مېھرىدىن مۇھەببىتىمنى ئايرىما.

كەلدى كۈلپەت كۆكسىمىزگە كۆك بىلەن تەڭ جۇت كەبى
دەشتى چۆللەر مەيلىكىم دۈشمەن باغىدا يايرىما.

يىغلا، كۈل ئەل –يۇرت بىلەن، مىللەت بىلەن تەڭ ھەرزامان،
دۈشمىنىڭگە نەپرىتىڭنى چاچ ۋولقان كەبى، زارلىما.

مەيلى جۇل-جۇل چىت كىيىمەندە، ئاچ قەلەندەر كەبى،
ھەققە تەشنا ئۇيغۇرىڭنى پادىشاھ بىل، خارلىما.

شائىرانە يۈرىكىم چاقتىڭ قەپەزنى بىر يولى،
مىللىتىم زۇلمەتتە، سەن يات يەردە ھەرگىز پارلىما.




## مۇھاجىر

مۇھاجىر – نېنى ئاچچىق، چۇشى تاتلىق،
ئۇ بىر قىز نا تونۇشقا بولغان ياتلىق .
بايلىق ۋە بۈيۈك مەنسەپ بەرسەڭ شۇ تاپ،
كۆزىدىن كۆرەلمەيسەن ئۇنىڭ شاتلىق.

مۇھاجىر – دانىشمەن ئۇ كۆپنى كۆرگەن،
يۈشۈرۈپ كۆزىن يېشىن سىرلىق كۈلگەن.
يىراقتىن ئانا يۇرتقا نەزەر تاشلاپ،
يانچۇقتا پولات كەبى مۇشتىن تۈرگەن.

مۇھاجىر –بىلەك بىلەن كىشەن ئۈزگەن ،
جانانغا يەتمەك ئۇچۇن جاندىن كەچكەن.
دوستۇڭ شۇ ئەگەر بىلسەڭ ئەي ئادەملەر،
ساداقەت مۇنبىرىدە قەسەم ئىچكەن.



## ئاتمىش ياشلىق «باللار»

(بىشكەكتىكى دوستلارغا)

سىن چاي ئىچىپ، ئەتكەن چاي، كۆك چاي ئىچىپ،
ھايا بىلەن بەزىدە «ئاق چاي» ئىچىپ.
ئاتمىش ياشلىق «باللار» جەم بولۇشۇر،
دەپتىرىنى كۆڭلىنىڭ ۋاراقلىشىپ.

ھېيتگاھدىن سۆز كوچەتتى نېۇ–يوركقا،
لوندون، ياپون بازىرى، غولجىلارغا.
بولسىمۇ ھەر يۈرەكتە دەردۇ–ھەسرەت،
بۇ سورۇندا ئورۇن يوق يىغا–زارغا.

بالدەك– بالا كۆڭلىرى بىرگە ئۆتكەن،
بىرى ھارسا بىرى ھاپاش قىلىپ يۈتكەن.
«بالا»سۆزى شۇڭا ھۆرمەت– ئىلتىپات،
بولۇپ بۇندا يۈرەككە سىڭىپ كەتكەن.

ئۈستى تازا، كۆڭلى ھەم ئۇنىڭ ئەكسى،
مىسلى يامغۇردىن كېيىن گۈل بەرگىسى.
«بوۋا»دەپلا قويمىسا ئەندىشە يوق،
ياش جۇۋانلار ئالدىدا شوخ نەۋرىسى.

ياشاڭ يۈز يىل دوسلۇرۇم يۈكۈلمەستىن،
كۈمۈش قونغان چاچلارغا ئۈكۈنمەستىن.
كەتسەممۇ گەر يىراققا ساھىل ئاتلاپ،
چىقارمىدىم سىلەرنى مىنۇت ئەستىن.

سىن چاي ئىچىپ، ئەتكەن چاي، كۆك چاي ئىچىپ،
ھايا بىلەن بەزىدە «ئاق چاي» ئىچىپ.
نەۋرە سۆيگەن «باللار»جەم بولۇشۇر،
ئارخۇۋنى يۈرەكنىڭ ۋاراقلىشىپ.

## باغدات قىزى

تۈنۈشۈپ قالدۇق دېڭىز سەيلىسىدە،
گۈل–چېچەك پۇراق چاچقان يىل پەسلىدە.
ئاق يەلكەن ئاق ئارمانىنىڭ بۆشىكى بوپ،
تەۋرىتەر بىزنى بالتىق يەلكىسىدە .

ئەي نازۇك باغدات قىزى،
باھارنىڭ گۈل قىرمىزى.
چۈش ئەمەس، چۆچەك ئەمەس،
سەن بەختىنىڭ نەق ئۆزى.

مەجنۇن تال كەبى بىلىنىڭ ئۇسۇلچىدەك،
تەكەببۇر نىگاھىڭ يار شەھرىزاتتەك.
سال ئوچۇق ، يۇمران، نەپىس كۆكرەكلىرىڭ،
قارغىنىڭ كارتىدىكى ماتىكىسىدەك.

ئەي نازۇك باغدات قىزى،
باھارنىڭ گۈل قىرمىزى.
چۈش ئەمەس، چۆچەك ئەمەس،
سەن بەختىنىڭ نەق ئۆزى

پىكرىنى ئازدۇرسىمۇ كۆڭۈل –شەيتان،
سۆھبەتنى ھېسسىيات تامان بۇرالمىدىم.
ئۇيقۇنىڭ قېچىپ پەيزى شۇندىن بۇيان،
قولۇمغا ئالماي قەلەم تۇرالمىدىم.

ئەي نازۇك باغدات قىزى،
باھارنىڭ گۈل قىرمىزى.
چۈش ئەمەس، چۆچەك ئەمەس،
سەن بەختىنىڭ نەق ئۆزى

ئايرىلىش پەيتى يىتىپ سەن خوش دىدىڭ،
مۇكۇندى چولپىنى دىل سەھرىنىڭ.
مەيلىدى سېپىل تېشىپ ئوغرى ئاتالسام،
سەن ئۇچۇن قەدىم باغداد شەھرىنىڭ .

ئەي نازۇك باغدات قىزى،
باھارنىڭ گۈل قىرمىزى.
چۈش ئەمەس، چۆچەك ئەمەس،
سەن بەختىنىڭ نەق ئۆزى.

## بىر ناخشا بار

كۆڭلۈمدە بىر ناخشا بار ئېيتىلمىغان،
مۇقاملار قامۇسىدا يېزىلمىغان.
ئاسماننى توي كېچىسى بېزەيدىغان–
ساليوتتەك ۋاقىت كۈتۈپ ئېتىلمىغان.

كۆڭلۈمدە بىر ناخشا بار ئېيتىلمىغان،
شەيتانلار بەزمىسىگە قېتىلمىغان.
«جان بېقىش» پەلسەپەۋى بازىرىدا ،
كۆرۈنگەن خېرىدارغا سېتىلمىغان.

كۆڭلۈمدە بىر ناخشا بار ئېيتىلمىغان،
دۇنيادا جور بۇلارى تېپىلمىغان.
باھاردا چېچەك ئاچقان لالە يەڭلىغ،
خۇش پۇراق ھېدى تېخى بېسىلمىغان.

---

كۆڭلۈمدە بىر ناخشا بار ئېيتىلمىغان......بۇ مىسرا
قاسىم ئامانجولىۋ نىڭ




1

باغرى يۇمشاق تۇپراقلىرىمدىن،
كەلدىم قاتتىق تاغلىق شەھەرگە.
غېرىپلىقنىڭ مۇڭى ياڭرىدى،
ۋەتەنسىزلىك ئەزگەن قەلبىمدە.

سېغىنىشىم كەتتى يىراقلاپ،
قالدى ماڭا ھېجران يىغىسى.
ئېزىپ قالغان بىر قۇشنىڭ ئەسلا،
گۈل- باغلارسىز بارمۇ سايرىشى.

ۋەتەنسىز مەن، ئانىسىز ھەم مەن،
يات ئەل ياتتۇر، ياتتۇرمەن ئاڭا.
قاتتىق ئىكەن باغرى يات يەرنىڭ،
بىلىنمەسكەن جەننەت ئۇ ماڭا.

خىيالىمدا ئانام بىر جەننەت،
چۈشلىرىمدە باغرى مىڭ ئاتەش.
قايتسام بىر رەت بالىلىقىمغا،
قىينىمايتى سېغىنىش، ئەسلەش.

ۋەتەنسىزگە تار ئىكەن دۇنيا،
بولماس ئىكەن يۈرىكى پۈتۈن.
كۆلمەس ئىكەن غېرىپنىڭ كۆزى،
بولماس ئىكەن بېشى ھەم پۈتۈن.

2

بۇلۇتلار سۆيۈپ ئۆتمە تاغلار باغرىنى،
قارغايلار جىم ئاڭلار قۇش ناۋاسىنى.
يىراقتا سوزۇلۇپ ئاقىدۇ دېڭىز،
تىڭشايمەن بىر ئۆزۈم يامغۇر كۈيىنى.

تەبىئەت تىلسىمى سېھىرلەپ مېنى،
ئاداققى تاپشۇردۇم قەلبىمنى ئاڭا.
ئورمانلار باغرىدىن تاپتىم مەن تىنچلىق،
بەرگەچكە ئاتەشلىك سۆيگىنى ماڭا.

سۆيگۈ قىسمىگە جان بېرەر تاغلار،
سادىقلىق قۇدرىتىدە ياشنايدۇ باغلار.
قىسمەتكە قان بېرەر پەسىل ئەركىسى،
قىش ۋە ياز ھېجرانلىق بولمايدۇ چاغلار.

تەبىئەت يۈرىكى ئۆلمەسكەن ئەبەت،
تەبىئەت سۆيگۈسى ئۆزگەرمەسكەن ھەم.
قۇربغان قەلبىمدە بولاركەن ئۈمىد،
تەبىئەت باغرىنى باغاشلىسام مەن.

ئالەم كەڭلىكىدە سەن بىر ۋوپادار،
تەبىئەت ساڭلا رىشتىم بار پەقەت.
كۆمۈۋەت قەلبىمنى تۇپراقلىرىڭغا،
ئىستەيمەن سېنىڭدىن ئارامىلىق پەقەت.

3

كىمنىڭ بولماس كۆپ ئازابى يۈرىكنى قىينايدىغان ،
يىغان چىكىپ تۈنى – سەھەر قەلبى ئۈنسىز يىغلايدىغان.
بىر ھىجراننىڭ كۈيلىرىنى ئېيتىپ بەزەن كۈندۈزلىرى،
يۈتكەن سايە پىراقىدا باغرىنى ھەم تىلغايدىغان.

تولۇن ئاينىڭ ئاق شولىسى چۈشسە تۈندە روجەكلەردىن،
شئېرلىنار سەزگۈلىرىم تىلسىملىق بۇ بېزەكلەردىن.
نۇر تالاسى سۆيسە ئاستا ئۇيقۇ بىدار كۆزلەرگىمۇ،
تىترەر يۈرەك ئۇنتۇلمىغان ئاشۇ ئاچچىق ھىجرانلاردىن.

كىمنىڭ بولماس بىر بۇلبۇلى گۈلستاندىن ئۇچۇپ كەتكەن،
دىل ئارامى يوقاپ قايان، يادىكارسىز جىمجىت يۈتكەن.
تاقەت بىرىپ قىسمەتلەرگە يۈرەكلىرى سوقۇپ غەمكىن،
كىمنىڭ بولماس ھاياتىدا ۋىسال پەيتى ئىزدەپ كۈتكەن.

يىل مەۋسۇمى سالار ئىزلار، ئاق ئارىلار چاچلىرىممۇ،
ئەتۇر قىسمەت كۆپەيتەركەن يۈرەكتىكى داغلارنىمۇ .
ھەسرەت چېكىپ يۈرمەككە بولسۇن كىمنىڭ مەيلى شۇنداق،
ئىلاج يوقكەن ھاياتلىقتا تۆكمەسلىككە ياشلارنىمۇ.

4

بىر ئارمانغا يەتمەك ئۈچۈن تىنەپ يۈرۈپ، ھەريان كېزىپ ،
مىڭ جاپادا ئاشتىم ئاخىر داۋانلاردىن ھالىم كېتىپ.
يەتكىنىمدە مەنزىلىمگە كۆرەلمىدىم باغۇ – ئىرەم،
چىقماي قالدى ھاردۇغۇم ھېچ، قالدىم يىڭى غەمگە پېتىپ .

دەرت– ئەلەمنىڭ چېكى ھېچ بولماس ئىكەن توساق قويۇپ،
يارالغانكەن چەكسىزلىكتە ئالەم بىلەن قوشماق بولۇپ .
يالغان كۈلگەن دۇنياغا خوش دەپ ئۆلسە يۈرەك بىر كۈنى،
كىملەر يىغلار مەن ئۈچۈن چاناقلىرى ياشقا تولۇپ.

يالغان ۋەدە ئۈچۈن كۆيگەن جىسمىم كىتەر كۈلدەك توزۇپ،
تۇگەر بىر كۈن دەرتلىرىممۇ تۇپراق كەتسە مېنى يۇتۇپ .

ھەسرەتلەرگە داۋا بولماق ۋاپاسىزغا بەسى مۈشكىل ،
كىممۇ كىلەر جۇدالىقنىڭ تىغلىرىغا كۆكرەك كىرىپ.

ياشاش قانداق مۇمكىن بولسۇن پاتماندا بىر ھىجران يۇتۇپ ،
ئاڭلىماقنى ئىستەپ ھامان قەلبىتىن بىر ندا كۈتۈپ .
ئاچچىققىنە بىر تەبەسسۇم قېتىپ قالسا كۆزلىرىمدە ،
ھېچكىم بىلمەس بىر مەنانى كۆپ يىللىرىم كەتسە ئۆتۈپ.

*******

پەرۋازىدىن ئايرىلغان خەلقىم،
تەپەككۇرى بوغۇلغان خەلقىم.
نىمجان، ھالسىز تىنەپ–تەمترەپ،
يورۇق تاڭنى كۆرمىگەن خەلقىم.

******

شېئرىم سەن پەقەت مىنىڭ سىردىشىم،
روھىمغا تەسەللىي يېقىن دىلكىشىم .
قەلبىمگە يېزىلغىن ۋە ياكى قۇرغا،
بوپ قالغىن ئاخىرقى بىر پىكىردىشىم.





# غەنى كېرىموۋ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى

1962-يىلى غولجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قۇربان بولغان رەھبەرلىرى قاتارىدا غەنىي كېرىموۋمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ غۇلجا شەھرىدىكى قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قەبرىسىنىڭ يېنىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. غەنىي كېرىموۋ ئائىلىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاتلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان ئائىلە بولۇپ، بۇ ئائىلىدىكى ئاكا-ئۇكا قېرىنداشلار ئۆزلىرىنىڭ ياش ھاياتىنى خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن تەقدىم قىلىشقان. مەن بۇ قۇربانلارنىڭ ھاياتى ۋە ئائىلە ئەھۋالى ھەققىدە ئىگەللىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك بەزى پاكىتلارنى رەتلەپ ئوقۇرمەنلەرگە سوندۇم.

غەنىي كېرىموۋنىڭ دادىسى ئېزىزقارى توختاخۇن، ئانىسى بۇسەيلىخان قىرغىزستانىنىڭ قارا قول دىگەن يېرىدىن بولۇپ، شۇ يەردە تۇرمۇشلۇق بولۇشقان. ئۇلار 1932-يىلى ئەينى چاغدا سېۋىت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن مۇرەككەپ ۋەزىيەت سەۋەبىدىن پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بالا-چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلار چېگرىدىن ئۆتۈش جەريانىدا بالىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بالىلىرىنى چېگرىدىن ساق-سالامەت ئۆتكۈزىۋېلىش ئۈچۈن بالىسىز تۇققانلىرىغا بالىلىرىنى چېتىپ ھەرخىل فامىلىلەر بىلەن ئۆتكەزگەن . بۇ كېيىنكى كۈنلەردە بىر ئائىلىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ھەرخىل فامىلىلەردە ئاتىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇلار غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن غولجا ئۈچدەرۋازىدا ئولتۇراقلاشقان. چارۋا بېقىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. نۇرغۇن چارۋىلىرى بولغان.1950 – بۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىلغان. 1962- يىلى سېۋىت-خىتاي مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن ئۇلار قايتىدىن سېۋىت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېلىپ تاشكەنت شەھرىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان. بۇلار ھاياتىدا جەمئى 8 بالىلىق بولغان.

غەنىي كېرىموۋ – ئېزىزقارى توختاخۇن ئائىلىسىنىڭ 2-بالىسى بولۇپ، 1922-يىلى قىرغىزستانىنىڭ قارا قول دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1932- يىلى ئائىلىسى غولجىغا كۆچكەندە تاغىسى كېرىموۋنىڭ يېنىدا قېلىپ رۇسچە گىمنازىيەنى تۈگەتكىچە شۇ يەردە تۇرغان. فامىلىسىمۇ شۇ تاغىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. 1939-يىلى

غۇلجىدىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئەينى چاغدىكى مەرىپەتپەرۋەر چوڭ باي باۋۇدۇنبايىنىڭ نەۋرە قىزى مەغپىرە بىلەن توي قىلغان. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ئىنقىلاپقا قاتنىشىپ، ئاساسەن باش ئىشتابتا ئىشلىگەن. كاپىتان ، مايور بولغان. 1949-يىلى ئەخمەتجان قاسىملار بىلەن بىرگە قىستىكە ئۇچراپ27 يېشىدا قۇربان بولغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا 3 پەرزەنتلىك بولغان. ئۇلار ھازىر ئاپىسى بىلەن بىرگە تاشكەنتتە ياشايدۇ. مەغپىرە ئاپپاي بۇ يىل 79 ياشتا بولۇپ، غەنىي كېرىموۋ قۇربان بولغاندا 26 ياشتا قالغان . شۇندىن بېرى قايتا تۇرمۇشلۇق بولمىغان. غەنىي كېرىموۋنىڭ نەۋرىسى نەرگىزە ھازىر شۋېتسىيەدە ياشايدۇ.

رەخىمجان- ئېزىزقارى توختاخۇن ئائىلىسىنىڭ 3- بالىسى بولۇپ، غەنىي كېرىموۋنىڭ ئىنىسى. ئۇ 1926- يىلى قىرغىزستاننىڭ قارا قول دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1944-يىلى ئاكىسى غەنىي كېرىموۋ بىلەن بىرگە ئارمىيىگە قاتناشقان. ئارمىيىدە كاپىتان بولغان. 1946- يىلى ئالدىنقى سەپتە قارا كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ 20 يېشىدا ۋاپات بولغان. توي قىلمىغان.

خەمىت ھۇسەيىن — ئېزىزقارى توختاخۇن ئائىلىسىنىڭ 5- بالىسى بولۇپ، 1928-يىلى قىرغىزستاننىڭ قارا قول دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. غۇلجىدا رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان. 1950- يىلى ئۇرۇمچىدە خىزمەتكە قاتناشقان بولۇپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلىگەن. ئەينى چاغدىكى «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى»ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى بولغان. 50- يىللاردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. «ئالتۇن باشاقلار» دېگەن ھېكايىسى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. 1956- يىلى سىياسىي بوران- چاپقۇننىڭ تەسىرى بىلەن غولجىغا قايتىپ كىتىپ سېۋېت كونسۇلدا ئىشلىگەن. سېۋېت-خىتاي مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن 1962- يىلى 29-ماي غولجىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدە قولغا ئېلىنىپ، مىللەتچى، پانتۈركىست دېگەن ناملار بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان.1976 -يىلى 5- دېكابىر كۈنى ئۇرۇمچى باجاخۇ تۈرمىسىدە ۋاپات بولغان. خەمىت ھۇسەيىننىڭ گۈزەل ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، ھازىر ئاپىسى بىلەن بىرگە نورۋېگىيەدە ياشايدۇ.

قۇربانجان — غەنىي كېرىموۋنىڭ بىر ئائىلىدە ياشىغان تاغىسى بولۇپ، 1886-يىلى قىرغىزستاننىڭ قارا قولدا تۇغۇلغان. 1932-يىلى ئېزىزقارى ئائىلىسى بىلەن بىرگە غۇلجىغا چىققان. 1937-يىلى ئۇرۇمچىدە ئەخمەتجان قاسىملار بىلەن بىرگە تۈرمىگە ئېلىنىپ 8 يىل شىڭشىسەي تۈرمىسىدە ياتقان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن غۇلجىغا كېلىپ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى قۇرۇشقا قاتناشقان. فولكوۋنىڭ سوپاخۇن بىلەن بىرگە جەنۇپقا يۈرۈش ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان. كېيىن فولكوۋنىك بولغان. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جەنۇپ بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگىنى بولغان مۇزداۋاننىڭ «شوتا» دېگەن يېرىگە يولۇچىلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ كۆۋرۈك سالدۇرغان. ئۇ كۆۋرۈككە «قۇربانجان كۆۋرىكى»دەپ نام بىرلگەن. 1953-يىلى قۇربانجان پانتۈركىس دېگەن نام بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغاندىن كېيىن، بۇ كۆۋرۈكنىڭ نامى ئۆزگەرتىلىپ«ئازات كۆۋرۈكى »دەپ نام قويۇلغان. فولكوۋنىڭ قۇربانجان ئۆمۈر بويى توي قىلمىغان.

رامىلە — بۇ مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگەن رامىلە ئاپپاي ئېزىزقارى توختاخۇن ئائىلىسىنىڭ 6-بالىسى بولۇپ، غەنىي كېرىموۋنىڭ ئەڭ كىچىك سىڭلىسى . ئۇ 1938- يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1963- يىلى 1-مارتتا سېۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەلگەن. ھازىر شۋېتسىيەدە ياشايدۇ.



تەييارلىغۇچى: تۇركىزات

# تۆركستان قايغۇسى



## ئېلىخان تۆرە ساغۇنى

ماقالىنى تەييارلىغۇچى: هاجى ئابدۇرىشىت كېرىم (شىۋېتسىيە)

ناهايىتى شەپقەتلىك، مېهرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئۇلۇغ روهلۇق، تۇلۇق ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە هەر ئادەم ئۆزى بىلگەن بىلىملەرنى، ئۆزىدىكى ئىلمى هۆنەر–پەزىلەتلەرنى، باشقىلارغا پايدىسى يەتكۈدەك، كېيىنكىلەر ئىبرەت ئالغۇدەك بىر ئەسەر يېزىپ قالدۇرۇش بەكمۇ لازىم ئىكەن. مەنكى ئېلىخان تۆرە ساغۇنى ياشلىق، يىگىتلىك كۈنلىرىمدىن باشلاپ ئەرەبچە، پارىسچە تىللارنى تولۇق رەۋىشتە ئۆزلەشتۈردۈم. زامانىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن توسقۇنلۇقلىرىغا قارىماي، تەڭرىنىڭ ياردىمىدە دىنى، تىببى بولۇپمۇ تارىخ بىلىملىرىگە ئىگە بولدۇم. ئەرەبچە، پارىسچە تىللارنى يېزىش ۋە سۆزلىشىشنىلا ئەمەس بەلكى، بۇ ئىككى تىلدا شېئىر، كىتاب يېزىش قابىلىيىتىنى ئىگەللىدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۆز ئانا تىلىم تۈركچىنى باشقا تىللاردىن ئەۋزەل كۆردۈم. چۈنكى قايسى بىر مىللەتنىڭ ئانا تىلى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىيەلمەي باشقا تىللارنىڭ ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تىز پۈكىدىكەن، ئۇنداق مىللەت ئۇزاققا بارماي ئىنسانى هوقۇقلىرىدىن ئايرىلغان هالدا هايات دەپتىرى ئۈستىگە قۇللۇق قەلىمىنىڭ چىكىلىشى شۈبهىسىز. بۇنداق مىللەت پەقەت يالغۇز ۋەتىنىدىنلا ئەمەس بەلكى، بارلىقى بىلەن تارىخ يۈزىدىن يوقۇلۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىللار تىلىدىن ئېيتىلغان پەزىلەتلەردىن تارىخ ئىلمىنى تاللاپ ئالدىم. چۈنكى هازىرقى دەۋرىمىزدە، 1966–يىلىدا ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپ غېرىپ بولغان خەلقىم ئۈچۈن تارىخ ئىلمى بېلىق سۇغا تەشنا بولغاندەك زۆرۈر ئىدى. كۆپتىن بىرى بۇلارنى ئەسەر سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگەن ئىدىم. چۈنكى ئۆتمۈش تارىخنى ئۇنتۇپ، هازىرقى تارىخنى بىلمىگەن بىر مىللەت قاراڭغۇدا قېلىپ، قولىدا تايىقى يوق كور كىشىدەك قاياققا مېڭىشنى بىلمەي دۈشمەن كەينىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئوچۇق پىكىرلىك سەزگۈر ۋەتەن ئوغۇللىرى تارىخنىڭ قانداق زۆرۈر ئىكەنلىكىنى مېنىڭ سۆزۈمدىن ئىلهام ئېلىپ چوڭقۇر تونۇشى كېرەك. ۋەتىنىم مېنى سۆيمىسە، مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن. ئۇلۇسۇم مېنى تونۇمىسا مەن ئۇلۇسۇمنى تونۇيمەن. ۋەتىنىدە يۈز بەرگەن تارىخى ئۆزگۈرۈشلەرنى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بولىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى كۆرسىتىپ، ۋەتەن باللىرىغا بىرئاز بولسىمۇ بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇ كىتاپنى يېزىشقا كىرىشتىم.

بىراق مەن يالغۇزغىنا ئىسلامپەرەس ئەمەس ئىدىم. بەلكى، يارىلىشىمدا ئىنسانپەرەس ئىدىم. خەلققە قايسى يولدا ياخشىلىق قىلسام بۇلار دەپ، ياشلىق، يىگىتلىك دەۋرىمنى غەم– قايغۇ بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئەمدى بولسا چاچ–ساقاللىرىم ئاقىرىپ، قېرىلىق يەتتى. يېشىم 80گە ئۇلۇشۇپ ئېچكى–

تاشقى كۈچلۈرۈم ئارقىغا چېكىندى. قېرىلىق يۈكى ئاستا پۈكۈلۈپ تۇرۇپ، ئالدىمىزدا كۆرۈنۈشكە باشلىغان ھالاكەت چۈڭقۇرلۇقىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چىدىيالماي كېلەچەك ئەۋلات-نەسىللىرىم غەمگۇزارلىقى ئۈچۈن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بۇ تارىخنى يېزىشقا باشلىدىم. قەلىمىم تىلىدىن ئاققان دەرتلىك سۆزلىرىم، كۆزۈمدىن ئاققان قانلىق ياشلىرىم يېزىۋاتقان بۇ كىتابىمنىڭ بەتلىرىنى بويىماقتا ئىدى. شۇڭا بۇ كىتابىمغا«تۈركىستان قايغۇسى» دەپ ئات قويدۇم، لېكىن مەن بۇ ئەسىرىمنى، بۈنىڭدىكى تارىخى سۆزلۈرىمنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان ئاتالغان –ئۆز ۋەتىنىم تۈركىستان نامىغا يېزىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، بۇ پىكىرلەردە بولۇپ يۈرگەن ئاخىرقى كۈنلەردە دەھشەتلىك ۋەقەلەر، ئېغىر ھادىسىلەر، تىگى يوق دېڭىزدا غەرق بولۇۋاتقان، يازسا تۈگىمەيدىغان بۇ ۋەقەلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، مۇشۇ كۈنلەردە ئەژدىھا ئاغزىغا كىلىپ يەم بولۇپ كىتىش ئالدىدا تۇرغان، بىزدىنمۇ بەتتەر كۈنگە مۇپتىلا بولۇپ تارىخ بېتىدىن يوقۇلۇش ئالدىدا تۇرغان شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى يېزىشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆردۈم. چۈنكى بۇ يەردە 1931-يىلدىن 1946-يىلغىچە بولۇپ ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخى ۋەقەلەرگە ئۆزەم باشلامچىلىق قىلىپ، ئەمگەك سىڭدۈرگەن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى يېزىش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. باشقا ۋىجدانسىزلارغا ئوخشاش تارىخ يۈزىنى قارىلاشتىن ساقلىنىپ، بولغان ۋەقەلەرنى ئەينەن، توغرا يېزىشنى ئۆزۈمگە لازىم تۇتتۇم. چۈنكى بۇ ئىككى يەرنىڭ تارىخى، سىياسى ئەھۋاللىرى بىر-بىرىگە قاتتىق باغلانغان ئىدى. پۈتۈن دۇنياغا پۇر كەتكەن سېۋىت ھاكىمىيىتى 1917-يىلى قۇرۇلغاندىن باشلاپ 1931-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنى، زۇلۇملارنى، مۇدھىش-دەھشەتلىك كۈنلەرنى پەقەت خاماندىن بىر سىقىم دان، دېڭىزدىن بىر قاچا سۇ ئالغاندەك يېزىپ قالدۇرۇشنى ئۆزۈمنىڭ تارىخى بۇرچۇم دەپ ھېس قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنغان ھالدا شەرقى تۈركىستانغا بارغان كۈندىن باشلاپ كۆرگەن ئىشلىرىمنى بايان قىلماقچى بولۇپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

بىرىنچى: شەرقى تۈركىستانغا بېرىشىمنىڭ سەۋەپلىرى

«ھايات تارىخى- ئىنسانلارنىڭ سىنىپى كۈرەش تارىخىدۇر»-دىگەن خاتا پىكىر كارىل ماركىس تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۈندىن باشلاپ، خەلقارادا تالاش-تارتىشلار باشلىنىپ، ئىنسانىيەت ئالىمىگە پىتنە –پاسات تېرىشقا باشلىدى. بۇ پىكىرنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلغان ئادەملەر قولىغا ھاكىمىيەت ئۆتكەندىن كىيىن، خەلق ئىچىدە سىنىپى ئايرىمىچىلىقنى بازارغا سېلىپ خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى يوقۇتىدىغان ئىشچىلار ھاكىمىيىتىنى باش كۆتەرگۈزۈپ، بىر يۈرۈش دەھشەتلىك قانۇنلارنى چىقىرىشقا باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قارا ئىشچى، نادان دېھقانلار خەلق ئىچىدە ھەقلىق ۋە ھەقلىقسىز دىگەن پىتنە-پاسات غەۋغالىرىنى كۆتىرىشكە باشلىدى. دىنغا باھانالاپ ئاللاھنىڭ ئادىتىگە، تەبىئەتنىڭ قانۇنىغا قارشى تۇرىدىغان ھادىسىلەر مەيدانىغا چىقىپ، ھايات ئالىمىدە بىرخىل ئاقىلسىزلىق يامرىدى. ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى ئۇلار چىقارغان خىيالى قانۇنلارغا ئاساسلىنىپ ھايات ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىندى. بۇ ئارقىلىق ئېتىلغان، چېپىلغان كىشلەرنىڭ سانىنى ئېلىش تەس بولدى. بۇلاردىن ھايات قالغان بىگۇناھ كىشلەر قېچىپ يۈرۈپ خانى - ۋەيران بولدى. بۇلارنىڭ مال- مۈلكى مۇسادىر قىلىنىپ، سۈرگۈن قىلىندى. بەزىلىرىنىڭ بالا-چاقىلىرى كوچىلارغا ھەيدەپ چىقىرىلدى. كۆپىنچىلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك جازا- لاگىرىغا قاماققا ئېلىنىپ، ئېغىر ئەمگەككە سېلىندى. خەلق ئىچىدىكى بەزى ئادەملەرنى قورقۇتۇش، ئالداش يولى بىلەن يوشۇرۇن خىزمەتكە سالدى. ئۇرۇش، قىيناش، سوقۇش دەھشىتىدىن ئىمانلىق، ئىمانسىز، ۋىجدانلىق ۋە ۋىجدانسىز كىشلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەنسەپپەرەس جاللاتلار ئالدىدا جىم تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى تاپشۇرۇقلىرى تولۇق بېجىرىلمىسە ئۇلارغا ئېغىر جازا بىرىلەتتى، دەرھال ئەمەلگە ئېشىشى زۆرۈر ئىدى. ھېچقانداق گۇناھى يوق كىشلەرنى ۋە ئۆزىگە قارشى چىققان كىشلەرنى ئاۋاز چىقمايدىغان يەر ئاستى ئۆيلەرگە قاماپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىلىكلەر ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئىدى. بۇ جاللاتلار قولىغا چۈشكەن بەختسىز مەزلۇملارنى قىيناشنىڭ ئازابىدىن كۆڭلىدىكى سۆز ۋە كۆمۈلگەن ماللىرىنى ئېيتىشقا ئۈلگۈرمەي، ئىنسان ئىشەنمەيدىغان، كىشى خىيالىغا كەلمەيدىغان سىياسى تۆھمەتلەر بىلەن قارىلىنىپ، مەجبۇرى ئىقرار بولۇشقا مەجبۇر بۇلاتتى. شۇ سەۋەپتىن كۆپلىرى پاجىئەلىك ئۆلتۈرىلەتتى. ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىش دەۋرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك كىشلەر ئۆز ئۆيلىرىگە سىغمىغانلىقتىن،

مەنمۇ ئۆز يۇرتۇم توقماق شەھرىدە تۇرالماي، بىزدىن يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى سوقولۇق دېگەن يەردىكى تۇنگانلار ئىچىدە ھايات كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى بۇ جايدا ئاز- تولا شۇ زاماننىڭ ئادىتى بويىچە ئوقۇغان بىلىملىك كىشىلەر تېپىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارغا قارىغاندا توغرا نىيەتلىك بىزگە ياردەمچى بولالىغىدەك كىشىلەر بار ئىدى. تۇنگان خەلقىنىڭ كىلىپ چىقىش تارىخىنى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە يازىمەن. بۇ مېنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچۇمدۇر.

1919-يىلى، بىشكېككە قاراشلىق قاراپالتا، ئاقسۇ دېگەن يەرلەر بولۇپ، بۇيەردە ئون سەككىز رۇس قىشلاقلىرى بىرلىشكەن ھالدا كومىنستلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. بىخارامان ئۆخلاپ ياتقان بىشكېك، سوقولۇق تۇنگانلىرى چۆشەنمەستىن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالدى. نەتىجىدە تارتقۇلۇق پۈتۈنلەي ئۇلار ئۈستىگە كىلىپ چۈشتى. ھەممە كەلگۈلۈك، تاياق-توقماق ئۇلارنىڭ بېشىغا كىلىپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. بەش يۈز ئۆيلۈككىمۇ يەتمەيدىغان بىشكېك، سوقولۇق تۇنگانلىرىدىن 800 دەك كىشىنى ھەيدەپ كىلىپ، بازار ئوتتۇرىسىدا پىلىموتقا تۇتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوق تەگمەي قالغان، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرگەن كىشىلەرنىمۇ قىزىل ئەسكەرلەر نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. قوزغىلاڭ مەركىزى بولغان بەشمىڭ جامالى، ئاقسۇ قىشلىقىدىن رۇسلاردىن ئىلگىر-كېيىن بولۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىرى 30 كىشىدىن ئاشمىغان ئىدى. ئاللاھ ساقلىسا بالا يوق دېگەندەك، شۇ يىلى مىنى سوقولۇقتا بېرىشتىن ساقلاپ، نەتىجىسىز قوزغىلاڭغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن خۇدا مىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. شۇ ۋەقە بولغاندا مەن توقماقتىن سەككىز چاقىرىم شىمال تەرەپتىكى تۇنگان قىشلىقى قارا قوڭغۇز مەچىتىدە تۇرغان ئىدىم. بىشكېك، سوقولۇقتىن قاچقانلار مىلتىق ۋە قىلىچلىرىنى ئېسىشىپ، مىنى تونىغان ۋە تونىمىغانلار مىنى پاناھ تارتىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن. بۇلارنى كۆرگەن مەچىتتىكى قەۋملەر ئۆز باشلىرىنىڭ كېتىشىدىن قورقۇپ ۋە مىنى ئاياپ بۇلارنى بۇ يەردە تۇرغۇزماسلىققا مەسلىھەت بېرىشكەن ئىدى. ئەپسۇس مەن بۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرمىگەن ئىدىم. بۇنداق يامان ئاپەتلەردىن خۇدا مىنى نەچچە قېتىم ساقلىغان بولغاچقا، مېھرىبان ئاللاغا ئىشىنىپ، بۇ مۇساپىرلارنى ئوچۇق - چىراي قارشى ئېلىپ، سونغان كۆڭلىنى بولسىمۇ ئېلىشقا تىرىشتىم. بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا ئىلگىر- ئاخىر بولۇپ ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئالماتا، ياركەنت چېگراسى ئارقىلىق غۇلجىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇق. سوقولۇق تۇنگانلىرىنىڭ تۈزنى يەپ، ياخشىلىقلىرىنى كۆپ كۆرگەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىك شاگىرتلىرىم ۋە دوسلۇرۇم كۆپ ئىدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇياققا بېرىش خەتەرلىك بولسىمۇ، چىداپ تۇرالماي ئۈچ-تۆرت شاگىرتىم بىلەن بىر ھارۋىغا ئولتۇرۇپ سوقولۇق تەرەپكە يول ئالدۇق. بىشكېككە كەلگەندە تۆگۈگان قەلئەسىگە دۇچ كەلدۇق. بۇ يەردىن ئارىلاپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، يېقىنلىشىپ بارغانچە كۆزىمىزگە ھەرخىل نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ يەردىكى كۆرگەن نەرسىلەرنى ئېغىز بىلەن تەرىپلەپ قەلەم بىلەن يېزىش ناھايىتى تەس. بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر تەربىيلەنگەن رەسمى ئارمىيە بولغاچقا بىزنىڭ ئۇلارغا تەڭ كېلىشىمىز ناھايىتى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز تىلى بۆلەك، دىنى بۆلەك بىر قانچە يىگىندى، قولى قۇرۇق كىشىلەر بولغاچقا ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتىمىز يوق ئىدى. تەبىئەت ئالەمگە ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ بويسۇنماسلىقىغا ئامالى يوقتۇر. ئۇرۇش پەنلىرىنىڭ قانۇنىنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ سان-ساناقلىرى، قورال-ياراقلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ ئىنتىزامى ھېچ بولمىغاندا دۈشمەننىكىدىن تۆۋەن ياكى ئاز بولماسلىقى بىرىنچى شەرتتۇر. ئەگەر بۇ شارائىت قولغا كىلىدىكەن ئۇ ھالدا دىنى ۋە مىللى كەمسىتىشكە قاراپ تۇرماي دۈشمەنگە قارشى قولغا قورال ئېلىش ئەلبەتتە پەرىزدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا ئۆزىنى ئارتۇقچە ئوتقا ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، ۋاقتىنچە سەبرە قىلىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بىز دەل ئاشۇنداق بىر شارائىتتا، ئېغىر ئەھۋالدا ئىدۇق. مەھەللە، كوچىلاردىن ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا يول بويى كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرغان تالان-تاراج قىلىنغان بۇلاڭچىلىق قالدۇقلىرى، چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەر،كۆيدۈرۈپ كۇلگە ئايلانغان ئىمارەت ئىچىدىكى ۋەيرانچىلىق، يىقىلغان تاملار ھەر دەقىقە كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ كۆزىمىزدىن ئىختىيارسىز ياشلار ئېقىپ، شۇ ماڭغانچە جەسەتلەر بىلەن تولغان سوقولۇق قىشلىقىغاكىلىپ چۈشتۇق. بىز ۋەقە تۈگەپ كېيىن كەلگەن بولساقمۇ يەنلا كوچىلاردا بىگۇناھ ئۆلگەن

مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرىدىن ئاققان قانلارنىڭ دېغى ھېلىمۇ ھەم يۇيۇلۇپ تۈگۈتىلمىگەن ئىدى. ساقچىلار بىزنىڭ باشقا ياقتىن كەلگەنلىكىمىزنى بايقاپ، ئالدىمىزنى توسۇپ ئىدارىسىغا باشلاپ باردى. ئۆلگەنلەرنىڭ بالا-چاقىلىرى، يېتىم يېسىرلارغا ئاتاپ ئېلىۋالغان بىر قانچە قۇر كىيىم - كېچەكىمىز بار ئىدى. بىز بۇلارنى كۆرسىتىپ ياردەمگە كەلگەنلىكىمىزنى بايان قىلدۇق. ئاندىن يول خەت-چەكلىرىمىزنى كۆرۈپ بىزگە رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ لېكىن، ئارىمىزدا يەنىلا ئىشەنمەسلىك يۈز بېرىپ، بەزى گەپ-سۆزلەر بولغىلى تۇردى. چۈنكى بىز ئېزىلگەن، خورلانغان ئاجىز ئىنسان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن قوراللىق دۈشمەنگە ھېچبىر قارشىلىق كۆرسىتىش ئىمكانىمىز يوق ئىدى. ھەرقايسىسىنىڭ ئاغزىدىن تۈگۈز پۇراپ تۇرغان قوراللىق دۈشمەنگە ھېچنىمە دېيەلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ دۈشمەن ئاغزىدىن ساق- قۇتۇلۇپ، ياردەمگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىمىزنى تارقىتىپ، ئۆلگەنلەر ئائىلە -تاۋاباتلىرىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، كۆڭۈل ئېيتتۇق. بۇ قائىدىسىز، بۇ پائىدىسىز ئىغۋادا مېنىڭ شاگىرتلىرىمدىن 20-30 كىشى شېھىت بولغان ئىدى. بۇلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ يېشى 30دىن ئاشمىغان ئىدى.



شۇنداق قىلىپ بۇ جايدا ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن يەنە توقماققا قايتىپ كەلدۇق. قىش ئۆتۈپ يەريۈزىدىن ئەمدىلەتىن كۆكىناتلار ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىغان ۋاقىت ئىدى. بىر كۈنى ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر كىشىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. قارىسام، ئۆز مەھەللىمىزدىكى مىرزاباي دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا كۆزىگە ياش ئېلىشقا باشلىدى. «سىلىگە ياخشىلىقتىن باشقىنى تىلىمەيمىز، ھازىر ھۆكۈمەت ئۈستىڭىزدىن ھەر تۈرلۈك ماتېرىيال توپلاپ، سىزنىڭ پېيىڭىزغا چۈشتى. ئىمكان بار سىز بۇ يەردىن باشقىراق بىر يەرگە كەتكەن بولسىڭىز ياخشىراق بولامتىكى»،- دەپ مەسلىھەت بەردى. ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېھتىيات يۈزىسىدىن باشقىراق بىر تەرەپكە يەنى باشقىراق بىر ھۆكۈمەت تەرەپكە كېتىش قارارىغا كەلدىم. سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا ھازىرلاندىم. لېكىن باشقا چېگرالار بىزدىن بەكمۇ يىراق ئىدى. يېقىنراق بولغان قەشقەر چېگراسىغا ئۆتۈپ كېتىشنى لايىق كۆرۈپ تۇڭگان شاگىرتلىرىمدىن داۋۇت ھاجىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقتۇق. بالاساغۇن (توقماق) بىلەن قەشقەر ئارلىقى ئاتلىق ماڭغاندا تەخمىنەن 11 كۈنلۈك يول ئىدى. بالاساغۇننىڭ ئەسلى كونا ئىسمى تۈرك تىلىدا« ماقۇبالىق» بولۇپ، ماقۇل-ياخشى، بالىق - شەھەر دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىدى. ئىسلامىيەتتىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ئىسسىق كۆل بويىدىكى بېشبالىق بىلەن بالاساغۇندا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مەدەنى تۈركلەردىن ئوغۇز تۈركلىرى ياشىغان ئىدى. رۇم پادىشاھىنىڭ لەقىمى« قەيسەر»، ئىران پادىشاھىنىڭ لەقىمى« خىسراۋ» بولغىنىدەك بېشبالىق، بالاساغۇنغا كىم پادىشاھ بولسا ئۇنىڭغا «ئىدىقۇت» لەقىمى قويۇلماقچى ئىدى. ئەسلىدە تۈركىستان بۆشىكى ۋە پەيتەختى بولغان شەھەر بېشبالىق ۋە بالاساغۇن ئىدى. ھازىر ئىسسىق كۆلنىڭ كۈنگەي ۋە تەسكەي تەرەپلىرىدە سۇ ئىچىدە قېيىق بىلەن يۈرسە ئادەمنىڭ كۆزىگە بېشبالىق خارابىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ بالا ۋاقتىمىزدا كۆلنىڭ دۆگرەك بىر تەرىپىدە بىر ھاممام بىناسى تېپىلغان ئىدى. بۇ بىنانىڭ پىششىق خىشلىرىدىن قىرغىزلار ئېلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ قەبرىسىگە بىر قانچە گۈمبەز ياساتقانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. كۆلنىڭ دولقۇنلىرى بىلەن سۇ يۈزىدىن قىرغاقلارغا سۈرۈلۈپ چىققان كونا زاماننىڭ ئۆز سايمانلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى پات-پات كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

بېشبالىق شەھرىنىڭ خاراپ بولۇشىغا كەلسەك بىز كۆرگەن تارىخچىلارنىڭ ھېچبىرى بۇ ھەقتە بىر تەپسىلى بايان يازمىغان. ئۆتمۈشتىكى تەبىئەت ئۆزگۈرىشلىرى ئارقىلىق بۇ شەھەر كۆلگە ئايلىنىپ سۇ ئاستىدا قالغان بولۇشى مۇمكىن.

داۋامى بار

# قەھر



# ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى



ئالىمجان (گېرمانىيە)

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ياۋروپالىق مەشھۇر ئىنسانشۇناش ۋە جۇغراپىيەشۇناس ئېللۋورس ھۇنتىنگتوننىڭ داڭ چىقارغان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان ئەسىرى«ئىرقلارنىڭ خارەكتىرى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «قاتتىقچىلىق، ئاچارچىلىق، يوقسىزلىق قاتارلىق ئېغىر شارائىتلاردا ئۆلىدىغان ئادەملەر قايسى خىل ئادەملەردۇر؟ ئۆلگەن ئادەملەر بىلەن ھايات قالغان ئادەملەرنىڭ ساپاسىدا ئازراق ئوخشىماسلىق بارمىدۇ؟ مۇشۇ نوقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئالىم قىزىققان جاي قەھەتچىلىك (ئۇرۇش ۋە تەبئىي سەۋەپتىن)كۆپ بولىدىغان خىتايغا 1923-يىلى قايتا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتتا بولغان. ئۆزى ئويلىغاندەك تۆۋەندىكى يەكۈنگە ئىرىشكەن: ئەگەر بىر ئادەمدە غەيرى ھايات قېلىش شەخسىيەتچىلىكى بولمىسا بۇنداق شەپقەتسىز قەھەتچىلىك يىللارنى ساق-سالامەت ئۆتكۈزىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.....شۇنىڭ ئۈچۈن شەخسىيەتچىلىك قانچە ئېغىر بولسا ھايات قالىدىغان پۇرسەت شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇنداق قەھەتچىلىكنى قانچە كۆپ بېشىدىن ئۆتكەزسە شەخسىيەتچىلىك پىسخىكىسى شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ ....ئومۇمەن رادىكال شەخسىيەتچىلىك بىر ئائىلە كىشىلىرىنى قەھەتچىلىك يىللىرىدىن ساق-سالامەت ئۆتكۈزۈپ، ئامان قالدۇرۇدۇ. 2000 يىللىق بۇ ئۇزاق دەۋردە پەقەتلا بۇ خىل شەخسىيەتچى ئادەملەر تاللىنىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپ، ئوزۇقنى، يېپىنچىسنى باشقىلارغا بېرىپ، ھاياتلىق شارائىتنى باشقىلارغا ئۆتنىدىغان ئەجداتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىگەن....»

بۇ خىتاي مىللىتىنىڭ ئۆز مىللى مەنپەئەتى ئۈچۈن يات مىللەتلەرگە قارىتا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش پىسخىكىسىنى ۋە بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولدىن كېلىدىغان ھەرقانداق رەزىللىكتىن يانمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بۇ شەخسىيەتچىلىكى (قانغور مىللەتچى ماۋزېدوڭنىڭ غەرەزلىك سىياستى، ئادەم كۆپ بولسا كۈچلۈك بولىمىز)سەۋەبىدىن كۆپىيىپ دۇنياغا سىغماي قالغان ساپاسىز نوپۇسىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ھەرگىزمۇ قۇرۇق شۇئار تۇۋلاپ، ئىنسان ھەقلىرىنى، دېموكراتىيەنى،

ئەركىنلىكنى قوغدايمىز دەپ يۈرگەن مەدەنىيەتلىكلەرنىڭ تەربىيە بېرىشى بىلەن توختاپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى يوقارقى ئابزاس ئۇلارنىڭ تۇغما كېڭەيمىچىلىكىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىنىڭ يېقىنقى ئەسىرلەر بولماي بەلكى، 20 ئەسىردىن ئاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ». تارىختىن بۇيان ئاتا مىراس ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندىن باشقا ۋېتنام ۋە كورىيەلەرمۇ ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە قىلىش قارا تىزىملىكىگە كىرگەن. لىكىن ئۇلارنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىنىڭ ئۆزەللىكىدىن، خەلقىنىڭ بوي ئەگمەسلىكىدىن بۇ قابائەتلىك مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ قالغان. مەسىلەن : مىڭ سۇلالىسى 1481-يىلدىن 1427-يىلغىچە ۋېتنامغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان، چىڭ سۇلالىسى 1789-يىلى ۋېتنامنىڭ خانويغىچە بېسىپ كىرگەن. 1979 -يىلى دېڭشاۋ پىڭنىڭ ۋېتنامغا ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى غەرەزلىك قويغان نۇرغۇن يەر ناملىرىمۇ بۇ رەھىمسىز، شەخسىيەتچى قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇدۇ. مەسىلەن: بارىكۆلنىڭ بۇرۇنقى نامى «zhenxi» (غەرىپنى باستۇرۇش)، ئۈرۈمچىنىڭ بۇرۇنقى نامى«dihua» (ختايلاشتۇرش)، توقسۇنىڭ نامى «xin he» (شىنجاڭنى مەڭگۈ تىنچ قىلىش)، ۋېتنامغا قوشنا ئۆلكىلەردىكى «Nan ning» (جەنۇپنى تىنچلاندۇرۇش)، «zhen nan guan» (جەنۇپنى باستۇرۇش قوۋۇقى)، كورىيەگە خوشنا ئۆلكىلەردىكى«An dong» (شەرقنى ئەمىن قىلىش)، «Dong ning»(شەرقنى تىنجىتىش»، بىزگە خوشنا تەرەپتىكى«Xin ning» غەرىپنى تىنجىتىش)، شىمالدىكى« Bei an» (شىمالنى ئەمىن قىلىش) قاارلىقلار. (Open ژورنىلىنىڭ 2001-يىللىق2-ساندىن ئېلىندى). ختاي مىللىتىنىڭ پەقەت ۋە پەقەت بىرلا تارىخى ۋەزىپىسى بار، ئۇ بولسىمۇ بىزنى- شەرقى تۈركىستانىنىڭ قانۇنلۇق تارىخى ئىگىلىرى دىگەن ئورنىمىزدىن يوق قىلىش ۋە ئىددىيىمىزدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئارقىلىق بۇ زىمىنغا ئىرىشىش. ئۇلار بۇنى مەڭگۈلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن :ئىددىلوگىيە ساھاسىدە ئازراق مىللى روھىنى ئويغاتقان، ھەققى تارىخنى تەكىتلەيدىغان، مىللى كىملىكنى تەكىتلەيدىغان، ئۇلارنىڭ سۈيقەستىنى پاش قىلىدىغان كىتاپلارنى چەكلەپ كۆيدۈرۈپ، تارىخنى بۇرمىلاپ، بىر قىسىم مۇناپىق زىيالىلىرىمىز بىلەن بىرلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ كۈچىمەن ئەمەس ئەزەلدىن مۇشۇ تۇپراقتا ياشاپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزلىرى بولمىسا بىزنىڭ «ياۋايىلىقتا » ياشايدىغانلىقىمىزنى ئىددىيىمىزگە سىڭدۈرۈپ ئىشەندۇرۇۋاتىدۇ ۋە دۇنيانى ئېغى بىلەن بېغى يوق «ئاق تاشلىق كىتاپ»نى ئېلان قىلىپ، ئالداۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ماسلىشىپ بىزنىڭ كۆپلىگەن ئۆزىنى مەشھۇر ھېساپلايدىغان يازغۇچى، شائىر، سەنئەتچى زىيالىلىرىمىز ئىپلاس كومىنىستلارنى مەدھىلەيدىغان، « بىزنىڭ "شىنجاڭ" ياخشى جاي» قاتارلىق شېئىر، ناخشا، ئۇسۇللىرى ۋە ماقالىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ چالغان دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ، مېھماندوس، سەنئەت خۇمار دەپ ئىنۋان-ئىنئامغا ئىرىشىپ، كەلگۈسى ئۈچۈن قايغۇرمايۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن: ئوچۇق- ئاشكارە كۈچىمەن كۆچۈرۈشتىن سىرت، يىلدا 0 10مىڭلاپ مۇستەملىكىچىلىك ئىددىيىسى سىڭدۈرۈلگەن مىللەتچى ئەسكەر، ئوپېتسىرلەرنى كەسىپ ئالماشتۇرۇش نامى بىلەن پۈتۈن شەرقى تۈركىستاننىڭ يۇقۇرى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن تارتىپ، زاۋۇت، كارخانا، يېزا-قىشلاقلارنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا قەدەر ئورۇنلاش- تۇرۇۋاتىدۇ. يەنى ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، يات يەرلەرگە كېتىشنى خالىمايدىغان ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى سىياسى بېسىم ۋە ماددى مەنپەئەت بىلەن ئالداش ئارقىلىق«چېگرا رايونلاردىكى قالاق مىللەتلەرنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگۈچىلەر»، «غەرىپنى ئېچىش» نامى بىلەن ئون مىڭلىغان شەرقى تۈركىستانلىقنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلىرىدىكى ئەسلىدە يەرلىك ئىش ئورنى يوق ئونمىڭلىغان ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرگە تېگىشلىك بولغان ھەرخىل خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ. خىزمەت ئورۇنلىرىدىن قۇرۇق قالغان بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئۈنىڭغىمۇ بوپتۇ دەپ، ختاينىڭ بىزگە مەقسەتلىك سىڭدۈرگەن «مەدەنىيىتى»نى قوبۇل قىلىپ، ئادەمنى ئەقىل-تەپەككۇردىن ئازدۇرۇدىغان سۇيەتسىز ھاراقلىرىنى بولۇشىغا ئىچىپ، خېرويىن، نەشىنى بولۇشىغا ئىستىمال قىلىپ، بىر نان تاپسا داپ قېلىپ چېلىپ، ھاۋايى- ھەۋەسكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، ۋاقىتسىز ۋە قەدىر- قىممەتسىز، ئىزسىز، غايىسىز كېسەل كۆرپىسى بولۇپ ئۆلۈپ تۈگۈشۈپ كىتىۋاتىدۇ. ئۈچۈنچىدىن: بىزنى ئەمانىسىز مۇستەملىكىچىلەردىن ئايرىپ تۇرغان بىردىن-بىر روھى يۆلەنچۈكىمىز، ئەخلاق مىزانىمىز بولغان دىنى ئېتىقاتىمىزئۈچۈن قانۇنلۇق، ئەركىن ئېتىقات

قىلىشىمىزغا چەك قويۇپ بوغۇۋاتىدۇ ۋە بىر قىسىم مۇناپىق ئىمام، مولىلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن چاپان يېپىۋاتىدۇ، مۇستەملىكىچىلىكى ئۈچۈن قانۇنى ئاساس تۇرغۇزىۋاتىدۇ.

ھەقىقى شائىر، زىيالى، شېھىت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدا بىزگە كېلىدىغان بۇ ئېغىر نومۇسلۇق كۈنلەرنى ئالدىن- ئالا ھېس قىلىپ، خاتىرجەملىك سۆيەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ تەپسە تەۋرىمەس پىسخىكىسىغا ئېچىنىپ، ئويغۇتۇش ئۈچۈن يازغان ئوتلۇق شېئىرلىرىنىڭ ھازىرمۇ بىز ئۈچۈن ۋاقتى ئۆتكىنى يوق. ئەگەر يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك 22 – ئەسىردىمۇ يەنە يىغلاپ ئولتۇرۇشىمىز بېكىتىلگەن بولىدۇ.

دەۋر جەبرىدىن ئىسست! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋاي ساڭا،
جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىق! تاپمايسەن باشقا چارىسىن.

***

نىچۈك قىسمەت بۇ دوستلار؟ ئەجەپ بەختى قارا بولدۇم،
تۇغۇلغان ئۆز دىيارىمدا مۇساپىر بىناۋا بولدۇم.
تامامەن ئايرىلىپ ئىنسانى ئەركىم، باي بىساتىمدىن،
ئۆزۈمنىڭ مۈلكىگە ئاھ!! ئۆزۈم زار گادا بولدۇم.
(تۈرك يۇردۇ يايىنلارى)دىن ئېلىندى

شۇ زامانلاردا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىردىن- بىر چىقىش يولىنىڭ پەقەتلا ئەركىنلىك، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، مىللىتىنى ئويغۇتۇشقا تىرىشقان شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك زىيالىلىرىمىز ھازىر نىمە قىلىپ يۈرىيدۇ؟ ئىنسان دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ. تەڭرى بەرگەن بۇ ئامانەتنى ۋاقتى كەلگەندە قايتۇرۇۋالىدۇ. ھەقىقى ئېتىقاتلىق، ۋىژدانلىق، غايىلىك ئىنسان ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، ئەكسىچە بۇ چەكلىك ھاياتىدا ئۆز قىممىتىنى يارىتىپ، ئۆز شەخسى ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىرايلىق چىقىپ، ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن، مىللىتى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ. ۋەتەن ئىچىدىكى ھەقىقى ۋىژدانلىق زىيالىيلىرىمىز مەخپى ھەركەت قىلىۋاتقان، پۇرسەت كۈتىۋاتقان، بولسا(ئىنشا ئاللاھ)نىمە ئۈچۈن ئۆز ئىچىدىن چىقىرىپ ئۆز مىللىتى ئۈچۈن بىر ئىش قىلالمايدۇ؟ تېگرىقاپ يۈرگەنلەرنى نىمە ئۈچۈن توپلىمايدۇ؟ ئۇلارغا نىمە ئۈچۈن يول كۆرسەتمەيدۇ. مىللىتىمىز ھازىر ئويغاندى. پەقەتلا تېگرىقاۋاتىدۇ. «ۋەتەنىنىڭ بەختسىز كۈنلىرىدە، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى: مىللەت توپلىمىدىكى ھەر بىر شەخسنى پۈتۈنلەي ۋە روھى قۇۋۋەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئىش ئاخىرىدا مىللى بىرلىكنى بۇزۇپ، ئايرىمچىلىققا ۋە پارچىلىنىشقا يۈزلەندۈرۈدۇ» (مۇستاپا كامال ئاتا تۈرۈك). شۇنداق بىزنىڭ يەلكىمىزدىكى بۇ يات مىللەتتىن بولغان قانخور ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىلا بىزنى ئويلاشمىغان، ئۆز پۈخراسى ئورنىدا كۆرمىگەن، بۇنى ئاددىسى دىكتاتۇر ھۆكۈمەتنىڭ ئىسمىدىنلا كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى – بۇنىڭدىكى «خۇا» پەقەت خىتاي مىللىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئەرگىزمۇ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ھەم بىزمۇ خۇا مىللىتى بولۇشنى مەڭگۈ خالىمايمىز. يەنە مۇشۇنداق ئۆز تەقدىرىمىز ئۈچۈن ئويلانماي، قايغۇرماي، يات، ساپاسىز مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى نومۇس كۆرمەي، 300 مىڭ چېچەننى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ تىرىشمىساق ھالىمىز خەتەرلا ئەمەس، ئەكسىچە بەربات بولىدۇ ھەم بولىۋاتىدۇ. قەدىرلىك زىيالىلىرىمىز، مىللەت سىلەردىن ئۈمۈت كۈتمەكتە! چۈنكى ئۆزىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ زىيالىيسى دەپ سانايدىغانلار، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلۈشى كىرەك، مىللى مۇستەقىللىق پىكىر ئېقىمى سىلەر ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. «بىلىم ئېلىش، بىلىملىك بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە شان–شەرىپى ئۈچۈندۇر»، (ئاتسىز). قىسقىسى مىنىڭ بۇلارنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولغان ھەدىستىكى تۆۋەندىكى ئىككى جۈملە سۆزنى ئۇنتۇماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. «ئەڭ بۈيۈك جىھاد زالىملارنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى سۆزلەشتۇر، غازات قىلماي، قىلىشنىمۇ ئويلىماي ئۆلگەن ئادەم مۇناپىقلىق ئالامىتى بىلەن ئۆلىدۇ»(مۇسلىم).

ۋەتەندىكى چۈشكۈنلىكتە ياشاۋاتقان، ئەخلاق بۆھراندا تۇرۇۋاتقان قەدىرلىك ياش دوستلارغا تۈرك مىللەتچىسى، مۇتەپەككۇر ھۈسەيىن نىھال ئاتسىزنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ھەدىيە قىلىمەن: «مىللەتلەرنىڭ ئاساسى ئەخلاقتۇر. دۆلەت، بىلىم، تەشكىلات قاتارلىقلار ئۇنىڭدىن كىيىن كېلىدۇ . تۈرك مىللەتلىرى بولسۇن ياكى باشقا مىللەتلەر بولسۇن، ئەخلاق يۈكسەك بولغان چاغلىرىدا ئۇ مىللەت يۈكسەلگەن، ئەخلاق ساغلاملىقى بۇزۇلغان چاغلاردا

ئۇ مىللەت خاراپلىققا يۈزلەنگەن ۋە ۋەيران بولغان .....بىر مىللەتنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئەخلاقى ئەڭ مۇھىمدۇر. چۈنكى مىللەتنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىدىغان ھالقىلىق پەيتلەردە ياشلار كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقىدۇ ۋە قان تۆكىدۇ».

بىزنىڭ ئاسارەتتىكى گۈزەل ۋەتىنىمىز ھەققەتەن دۇنيا ھەسەت قىلغۇدەك يەر كۆلىمىگە ۋە بايلىققا ئىگە بىر گۆھەر زېمىن. بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز ۋە ئاغزى-ئاغزىمىزغا تەگمەي ماختىشىپ سۆزلەيمىز. لېكىن شۇنى كۆپچىلىكىمىز بىلمەيمىزكى، بۇ زېمىندا زادى ئىنسان ياشاشقا مۇئاپىق ماكان قانچىلىك، ھاياتلىققا كېرەكلىك سۇ قانچىلىك، ئىنسان سالامەتلىكىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىت بولغۇنۇش قانچىلىك، بۇ زېمىنىمىز زادى قانچىلىك ئاققۇن خىتايلارنى سىغدۇرالايدۇ؟ ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئاسارەتتىكى ۋەتىنىمىزنىڭ ئاران 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىلا ئىنساننىڭ ياشىشىغا ماس كېلىدىغان بولۇپ، ھازىرقى يالغانچى ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكىسىدىكى نوپۇسنى تەقسىملىگەندىمۇ ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 256 ئادەمدىن توغرا كېلىپ، دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ زىچ جاي ھېساپلانغان گوللاندىيە بىلەن تەڭلىشىپ قالغان. ھازىرغۇ ھاياتلىرىمىز ياشاپ كېتەرمىز، كېيىنكى ئەۋلاتلىرىمىز قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلار بىز ئۆلگەندىن كېيىن بىزنىڭ قەبرىمىزگە قاراپ تۆكۈرىدۇ، (ئەگەر بىزنى كۆمىدىغان يەر قالسىلا). بىزدە ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئويلايدىغان بىر مەسئۇلىيەت بولىشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك ھەرگىز ھازىرلا قولۇڭغا قورال ئېلىپ غازات قىل دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مىللى كىملىكىڭنى تونۇت، مىللى تۇيغۇڭنى ئويغات، مىللەتنى قۇتقۇزۇشنى تەشۋىق قىل، قىسقىسى ئائىلەڭدە بولسىمۇ ئۆزەڭنىڭ كۈچى يېتىدىغان پەرزەنتلىرىڭنى بولسىمۇ مىللەتنى سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيلە، بۇ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە. ئۇنداق قىلمىساق يەر يۈزىدىن يوقىلىمىز.

ئەمدى سۇ مەسىلىسىگە كەلسەك: سۇ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، تارىختىن بۇيان بىزگە ھايات بەخش ئېتىۋاتقان تارىم، ئىلى، ئۈرۈمچى دەريا ۋادىلىرىدا، كونىلارنىڭ دېمى بىرىشچە كومۇنىست خىتايلارنىڭ ئايىغى تەگمەستە ئىپتىدائى ئورمانلار، جان-جانىۋارلار، جەننەت كەبى گۈزەللىكنىڭ ھەممىسى بولغان ئىكەن. ھازىر قانداق بولدى؟؟ ئورمانلار كېسىلدى، سۇلار بۇلغاندى، قۇرىدى. سۇدا ئۈزىدىغان، ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەردە ئۆمىلەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار تەرىپىدىن قۇرۇتىۋېتىلدى، (ئاستا-ئاستا بىزنىمۇ قۇرۇتىۋاتىدۇ). مەسىلەن: خىتاي قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى خەۋىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان تارىم دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ سۇ سۈپىتى «V» تىپىگە مەنسۇپ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئۆلچەمدە بولغان، ( The Epoch Times). بۇ دېگىنىمىز بۇ سۇلار ئېتىز سۇغۇرۇشقىمۇ يارىمايدۇ دېگەنلىك! ئويلاپ بېقىڭلار بۇ نىمە ئاقىۋەت؟ سۇ، ئورمان، تۇپراقلارنىڭ تەبئىيەتتە بەلگىلىك نىسپەت بۇيىچە بۇلغانماي، يوقالماي تۇرىشى ئىنسانلار، جان-جانىۋارلار ساغلام ھاياتلىقىنىڭ ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ كاپالىتى. ئۇلار بۇنى بىلمەي مۇشۇنداق بۇلۇشىغا سەل قاراۋاتامدۇ ياكى تۇغما شەخسىيەتچى، قارا نىيەتلىكىدىن بەرى-بىر ياتلارنىڭ يېرى بولغاندىكىن نىمە چاتىقىمىز، ۋاقتى كەلگەندە قاچىمىز دەۋاتامدۇ؟ مىللىتىمىزنى مىلليونلاپ خانىۋەيران، سەرسان-سەرگەردان قىلغان مۇدھىش«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا مىللەت سۆيەر شائىرىمىز، شەھىت ئىبراھىم تۇردى بىزگە ئانچە تونۇلۇپ كەتمىگەن تۆۋەندىكى شېئىرى ئارقىلىق بۇ ئېپلاس، غەرەزلىك «مېھمانلار»غا بولغان قەھرى-غەزىۋىنى ئىپادىلىگەن:

ئەي ئاسمان !!!
يىغۇشتۇر ئاسماقلىرىڭنى،
مىنىڭ بۇ تار ۋەتىنىم قۇبۇل قىلالمايدۇ
ھاياتقا ئىشقى يوق قاسماقلىرىڭنى .!!!!
(تارىختا كۆرۈلمىگەن دەھشەت)تىن ئېلىندى

****

1-دۇنيا ئۇرىشىدىن كېيىن، گېرمانىيەنىڭ مەغلۇپ بولغۇچى دۆلەت ئاھانىتىگە قېلىشى، نېمىس مىللىتىنىڭ روھى كېسىلىگە ئايلىنىپ، بىر تۈرلۈك رادىكال فانتازىيەلىك دورىنىڭ داۋالىشىغا مۇھتاج بولغان. ئادولوپ ھېتلېرنىڭ ئوچۇق-ئاشكارە مىللەتچىلىكى ۋە جەڭ پەلسەپىسى نەق بۇلار ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان دورا بولۇپ، بۇ ئاھانەتكە ۋە مەغلۇبىيەتكە بوي ئەگمەس مىللەت ئۈچۈن پۈتمەس-تۈگىمەس روھى كۈچ ئاتا قىلغان، (بېيجىڭ باھارى 2001-يىلى 9-سان). بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ خەتەرلىك كامچىلىقىمىز

ساپاسىز، يات مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاھانەت ھېس قىلمىغانلىقىمىزدا. ھېس قىلغانلارنىڭ سانىنىڭ ئاز بولغانلىقىدا. قاچان مىللىتىمىزنىڭ 99٪ بۇ يات مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆزىگە ئاھانەت ھېس قىلالىغاندا مۇستەقىللىقىمىزدىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ئېزىز ئۇيغۇر مىللىتى شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، بىزنىڭ باتۇر ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قېنى بىزنى ئاھانەتكە، مەغلۇبىيەتكە قالماسلىققا چاقىرىدۇ. ئويغان ئۇيغۇر، قەددىڭنى رۇسلا!!! ئۆزۈڭگە نىمە ئۈچۈن دىگەن سۇئالنى قوي! «قۇلغا ئوخشاش ياشاۋاتقان، ئەركىنلىك ئۈچۈن قان بىرىشنى ۋە قان تۆكۈشنى ئويلاشمىغان شەخسلەر ۋە مىللەتلەر ھېچبىر زامان، ھېچبىر دەۋردە ئىنساندەك ياشاشقا لايىق بولالماس. غورورلۇق ئىنسانلارغا قۇلچىلىق ئەسلا ياراشماس، ئاسارەت ۋە ئىستىبدات زەنجىرى نەقەدەر پەردەزلەنگەن بولسۇن، مەيلى ئالتۇندىن، مەيلى پلاتىنىدىن بولسۇن، ئۇ بەرى-بىر زەنجىر. بۇ زەنجىرگە باغلانغان ئىنساننىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىنكاسى ۋە ھەركىتى: ئىسيان قىلىش ۋە قۇتۇلۇشقا تىرىشىشتۇر، (ئالىپ ئارسلان تۈركەش).

شۇنداق، ھازىرقى دۇنيا ھەممە تالاش-تارتىشلارنىڭ تىنچلىق بىلەن، چىرايلىق، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز غورورى، تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان ھوقۇقلىرىنىڭ ھۆرمەتلىنىشى ئاساسىدا ھەل بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. تىنچلىقنى سۆيۈشنى، مۇساپىر مىللەتلەرنى ئۆز قوينىغا ئېلىشنى تارىخى ئەنئەنە قىلغان بىز ئۇيغۇرلارمۇ ھەرگىز ئالا-توپىلاڭنى، قالايمىقانچىلىقنى، قان تۆكۈشنى خالىمايمىز. لىكىن دۇنيا جامائەتچىلىكى، ختاي مىللەتچى كومىنىستلىرىنىڭ ئىچكى جەمەتتە قولىدا تۆمۈرنىڭ سونىقى بولمىغان ئۇيغۇرلارغا فاشىستىك دۆلەت تېرورىزىمى ۋە ئاسىملاتسىيە سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، سىرىتقى جەمەتتە دۇنياغا ئۈستۈلۈق بىلەن ئېلىپ بارغان ھەرخىل يالغان، ساختا تەشۋىقاتلىرىغا داۋاملىق ئالدىنىپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا يان- تاياق بولسا ئويلىمىغان يېڭى قان تۆكۈلۈشلەرگە سەۋەپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھازىرقى ۋەتىنىمىزنىڭ بەختسىز كۈنلىرىدە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت بىرلا يولىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ بىر مىللى غايىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پۈتۈن تالاش-تارتىشلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ھەممە بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىشتۇر. «بىر مىللەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى، ۋەتەنداشلار ئارىسىدىكى مىللى بىرلىك ۋە ئىناق ئۆتمەك ئۈچۈن تىرىشچانلىق تۇيغۇلىرىنىڭ ۋە قابىلىيىتىنىڭ پىشىپ-يىتىلگەنلىكىدۇر. مىللى بايلىقى، ۋەتەن ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن ۋەتەنداشلار جېنىنى ۋە بارلىقىنى ئاتاپ، دەرھال قارار بىرەلىگەنلىكىدە، بۇ مىللەتنىڭ مىللى بىرلىكى مىللى تۇيغۇ، مىللى مەدەنىيىتىنى ئەڭ يۈكسەك پەللىگە چىقىرالايدىغانلاردىن ۋە قوغدىيالايدىغانلاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن»، (مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك).

## روھ جۇقانلىرى

يات ئەلنىڭ ياپ-يېشىل ئورمانلىرىدىن ۋەتىنىنىڭ جاڭگال، سايلىق-چۆللىرى سۆيۈملىك ۋە مېھرىلىك .

يات ئەلنىڭ قىزىل ئەتىرگۈللىرىدىن ۋەتىنىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا ئۆسكەن خوخا- يانتاق ھەتتا شۇمبۇيا،تىكەنلىرى قەدىرلىك.

يات ئەلنىڭ سۆزۈك كۆك ئاسمانلىرىدىن ۋەتىنىنىڭ تىنىمسىز شامالدا توپا ئۇچۇپ تۇرىدىغان گۇنسىز ئاسمىنى كۆرۈملىك.

ۋۇجۇدۇم ئىلمىنتلىرى پۈتكەن ئاشۇ خاسىيەتلىك زىمىنگە روھىم ھەرقاچان تەلپۈنىدۇ، سېغىنىدۇ، بارلىقىنى قۇربان قىلىدۇ.

قەشقەر - ۋۇجۇدۇم، ئىمانىم تۇغۇلغان شەھەر. ساڭا تەلپۈنىمەن، تەلمۈرىمەن، شاماللاردىن ھېدلىرىڭنى سورايمەن، بۇلۇتلاردىن سىمايىڭنى ئىزدەيمەن. سېنىڭ توپىلىق يوللىرىڭدا يالاڭئاياق ماڭغۇم كىلىدۇ، ئاپئاق ساق بوۋايلار يىغىلغان چايخانىلىرىڭدا مىزلىك چايلىرىڭنى ئىچكىم كىلىدۇ. تونۇرىڭدا ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ پىشقان كىردىلىرىڭنى يىگۈم كىلىدۇ. سەن مەن ئۈچۈن ئالەمدىكى مەئىشەتنىڭ كانىسەن، سېنىڭ ئۇيغۇر پۇرام تۇرۇدىغان مەھەللىرىڭ مىنىڭ جەننىتىم.

ئۇيغۇرنىسا يازمىلىرى

# ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى كرىستىيان تەيلېر بىلەن سۆھبەت

سۆھبەت ئېلىپ بارغۇچى: تەرجىمىسى: ئابدۇرۇسۇل



ئەنگلىيەلىك مەشھۇر جورنالىست، يازغۇچى كرىستىيان تەيلېر نىڭ «wild west china» دېگەن كىتابى 2003-يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغىدى. كرىستىيان تەيلېر ئۆز كىتابىدا ئىگە-چاقىسىز ناتونۇش قالغان شەرقىي تۈركىستاننى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كوممۇنىست خىتاينىڭ قاتتىق قول سىياسى بېسىمىنى، يەرلىك مىللەتلەرگە تۇتقان «ئىككىنچى دەرىجىلىك مىللەت»سىياسىتىنى ، ئاتالمىش «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپىنى يوقۇتۇش يولىدىكى «فاشىست»لارچە سىياسىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئەمىلى ئەھۋالى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ... دۇنيا جامائەتتىنىڭ ئالدىغا ئىككىنچى بىر «كوسوۋو» ياكى «پەلەستىن» مەسىلىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرغا قويۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ يالغۇز رايون تىنچلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى، دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ، دۇنيا خەلقىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەۋسىيە قىلغان.

مەن سىلەرگە ئالدىنقى ساندىكى بۇ توغرۇلۇق يېزىلغان يازمامدا تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن ئىدىم. بۇ قېتىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە بۇ ناتونۇش جورنالىست ۋە يازغۇچى كرىستىيان تەيلېر بىلەن ئۆتكەزگەن سۆھبىتىمنىڭ قىسقارتىلمىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇم. بۇنىڭدىكى مەقسەت سىزنى ئەركىن، ھۆر دۇنيادا ياشاۋاتقان، بىز بىلەن قىلچىمۇ مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر چەتئەللىكنىڭ دۇنيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە يۈز بېرىۋاتقان ئېزىش ۋە ئېزىلىشكە ۋە ناھەقچىلىككە بولغان ئىسيانكار روھىدىن سىز بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ بەھرىمان بولۇش.

قەيسەر: سىزنىڭ بۇ كىتابىڭىز دۇنيا ۋە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئارىسىدا كۈندىن-كۈنگە تونۇلماقتا، لېكىن سىز بىر« شەخس »بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ناتونۇشسىز. سىز بىزگە ئۆزىڭىز ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بېرەلەمسىز؟

كرىستىيان تەيلېر: مەن 1945 — يىلى لوندوندا تۇغۇلدۇم. كېيىن شىمالىي ئەنگلىيەنىڭ يوركشىرە دېگەن يېرىدە رومان كاتولىك موناستىرىنىڭ دىنى مەكتىۋىدە ئوقۇدۇم. مېنىڭ ئاساسلىق ئۆگەنگەنلىرىم لاتىن،گرېك تىللىرى ۋە قەدىمقى زامان تارىخى بولدى. شىمالىي ئىتالىيەدە ئېنگلىس تىلى مۇئەللىمى بولغان چاغلىرىمدا ئىتالىيان تىلىنى ئۆگەندىم. كېيىنچە تىرىنىتى تېخنىكومىدا ۋە كامبرىدج ئونىۋېرسىتېتىدا ھازىرقى زامان پەلسەپىسىنى ئوقۇدۇم.1967 — يىلى يوركشىرنىڭ لېدىس دېگەن يېرىدە يورشىرې كەچلىك گېزىتىدە ياردەمچى مۇخبىر بولۇپ ئىشلىدىم.1970 —يىلىغا

كەلگەندە لوندوندىكى «فىناسىيال ۋاقتى»ژورنىلىغا يۆتكىلىپ كەلدىم.

كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە مەن ئەنگلىيە سودا بىرلەشمىسى، سانائەت ۋە سىياسەت شۇنداقلا ئەمگەكچىلەر خەۋەرلىرى مۇخبىرلىقىنى قىلدىم. مەن خەلقارا سودا- ئىقتىسات مۇخبىرلىرى مەسئۇلى ۋە باش ئوبزور يازغۇچىسى بولدۇم. كېيىن ئالى مۇھەررىر ئىنۋانى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسات سەھىپىلىرىنىڭ مەسئۇللۇقىنى قىلدىم.

قەيسەر: سىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قانداق قىلىپ، ئەنگلىيەدىن شۇنچە يىراق بولغان بۇ زېمىنغا، تاشقى دۇنياغا ناتونۇش قالغان بۇ خەلققە قىزىقىپ قالغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

كرىستىيان تەيلىر: مەن 1983-يىلى غەرپنى ئېچىش چاقىرىقى باشلانغاندا تۇنجى قېتىم ختايدا زىيارەتتە بولدۇم . شۇندىن كېيىن مەن ختاينىڭ يىراق غەربىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ھەققىدە ئازراق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئەمەلىيەتتە مەن ياش چاغلىرىمدا ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ساياھەت يازغۇچىسى، مۇخبىر پېتىر فلەمىنىڭ «جامىس بوند» ناملىق كىتاپنىڭ ئاپتورى، ئىئان فلېمېنىڭ قېرىندىشىنىڭ بىر كىتابىنى ئوقۇغان ئىدىم. ئۇنىڭ «تاتارلار ھەققىدە مەلۇمات» (ئەينى چاغدا غەرپلىكلەر ئۇيغۇرلارنى تاتارلاردەپمۇ ئاتىغا)دىگەن بۇ بېيجىڭدىن يىڭى دېھلىگىچە بولغان ئارلىقتىكى ساياھەت خاتىرسى بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ ماڭغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ رايونلار تونۇگانلارنىڭ باشقۇرىشىدا ئىكەن. 1955 -يىلى تەكلىماكاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. مەن بىر كىچىك گۇرۇپپا بىلەن قۇملۇقنى 100 مىلىس ئارلىقتا كېسىپ ئۆتۈشكە قاتناشتىم. بۇ قېتىمقى قۇملۇقنى تەكشۈرۈش ۋە كېسىپ ئۆتۈش ساياھىتىمىز جەريانىدا بوستانلىق شەھەر- بازارلىرىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن كۆچمەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادى پەرىقنىڭ ناھايىتى چوڭلىقى دىقىتىمنى تارتتى. مەن ختايلارنىڭ بۇ جايدا قاتتىق مۇستەملىكە سىياستى يۈرگىزىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەدەنىيىتىگە ھېچقانداق ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. يەرلىك خەلق بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئوتتۇرسىدىكى تەڭسىزلىكلەر مېنىڭ شىنجاڭغا قايتا بېرىشىمغا ۋە بۇ يەر ھەققىدە بىر كىتاپ يېزىپ چىقىشىمغا سەۋەپ بولدى. مېنىڭ «wild west china» دىگەن بۇ كىتاپنى يېزىشىمنىڭ ئىككى ئاساسلىق سەۋەبى بار. بىرىنچىدىن: بۇ يەرنىڭ ھاجايىپ ئۆزگىچە مەنزىرىسى ۋە مەدەنىيىتىنى تەسۋىرلەش، يەنى بىز ياۋرۇپالىقلارغا ناتونۇش بولغان بۇ سىرلىق زېمىن ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى يېزىپ چىقىش؛ ئىككىنچىدىن: ياۋرۇپالىقلارنىڭ دىقىتىنى مەن كۆرگەن ھاجايىپ ۋەقە، ھادىسىلەر ۋە رەھىمسىز، مۇستەبىت، قاتتىق سىياسەتكە جەلپ قىلىش ۋە خەلقنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈندۇر. غەرپتە تىبەت مەسىلىلىرىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. بىراق شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىلىدىغانلار يوق دىيەرلىك، پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى تەتقىقاتچىلارلا بىلىشى مۇمكىن.

قەيسەر: سىز كىتابىڭىزدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇدىغان ۋە چۆچۈتىدىغان بىرقىسىم ۋەقەلەر ئۈستىدە توختىلىپسىز، مەسىلە: مىرانغا يېقىن قۇملۇقتىكى، ئىسكىلىتلار، تۇرپاندىكى مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈش ئوپىراتسىيەسى قىلىنغان ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى، مەجبۇرى هاراق ئىچىرۈلگەن ۋە تۈرمىگە تاشلانغان دىنى زاتلار قاتارلىقلار. سىز ھازىر شۇ ۋەقە يۈز بەرگەن رايوندىن ۋە شۇ ۋەقەلەردىن يىراقتا، ئۇ يەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر ئىجتىمائى ۋە سىياسى مۇھىتتا ياشاۋاتىسىز. سىز بىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ ھاجايىپ ۋەقەلەرگە بولغان ھېسسىياتىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

كرىستىيان تەيلېر: مەن كىتابىمدا يازغانەك ئۇ ئىسكىلىتلار ھەققىدە ئېنىق بىر نىمە دىيەلمەيمەن. لېكىن بۇ ئۈچۈن - ئۈچۈق بوشلۇقتىكى مەخپىيەتلەك، ختاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن نومۇس. (بىز ئىنگلىسچىدە نومۇس دەپ بىلگەن نەرسىلەرنى «مەخپى قالغان ئىسكىلىتلەر»دەيمىز) باشقا نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەرنى مەن ئىككىنچى شەخس سۈپىتىدە ئىگەللەپ يازدىم. لېكىن بۇ يېزىلغان مەزمۇنلار ئۇيغۇر دوستلىرۇم ۋە شاھىتلار، ئۇندىن باشقا ئىشەنچلىك بولغان خەلقارا ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرى تەمىنلىگەن ھەققى ۋەقەلەر ئاساسىدا يېزىلغاندۇر. بىز ياۋروپا ۋە ئەنگلىيە ئىمپىرىيەلىرىنىڭ ئىشغالىيەتچىلىك تارىخىدىن شۇنداق بىر تەجرىبىگە ئىگە بولدۇقكى، ئىشغالىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىشغال قىلىنغان مىللەتلەرگە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېڭىشقا ۋە باستۇرۇشقا بولمايدىكەن. شىنجاڭ

خىتاينىڭ بىر قىسمى دەپ كۆرسەتكەن بۇ ياسالما پاكىتنى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەجبۇر تېڭىۋاتىدۇ. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەتكە نىسپەتەن ئېيتقاندا ئۆز پۇقرايىم دەپ ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ يەنە ئىجتىمائى، ئىقتىسادى ۋە سىياسى جەمەتلەردە چەتكە قېقىش، كەمسىتىش، پەرىقلىق مۇئامىلە قىلىش ھەقىقەتەن نومۇس قىلارلىق ئىش.

قەيسەر: سىز كىتابىڭىزدا بايان قىلغاندەك خىتاينىڭ «غەرپنى ئېچىش» سىياستى ئارقىدا قالغان رايونلارنى سانائاتلەشتۈرۈش دىمەكتۇر، لېكىن شىنجاڭدىكى ئەمىلىيەت پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. سىزنىڭچە بۇ پىلاننىڭ ئارقىسىغا مەلۇم مەقسەت يوشۇرۇنغانمۇ ياكى بۇ پىلان ئىشلىمەيۋاتامدۇ؟

كىرىستىيان تەيلىر: مېنىڭچە بىر تەرەپتىن قارىغاندا «غەرپنى ئېچىش »ئاقىلانە بىر تەرەپ قىلىش سىياستى بولۇپ، نامرات قالغان غەربى رايوننىڭ باي بولغان شەرقى رايونلارغا يېتىشۋېلىشىغا ياردەملىشىشتۇر. بۇ پەقەت ئىقتىسادى پەرقنى تۈگۈتۈش بولۇپ قالماستىن، شەرقى ۋە غەربى رايونلار ئارىسىدا يۈز بىرىش ئېھتىمالى بولغان سىياسى سۈركۈلۈش ۋە بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىقتىسادى شۇنچە تەرەققى قىلغان ئەنگلىيەمۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇدۇ، بىر قەدەر نامراتراق بولغان شىمالنى بىر قەدەر بايراق بولغان جەنۇپنىڭ بەكرەك ئارقىسىدا قېلىشىغا يول قويمايدۇ. بىراق تارىختىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى خىتايلار چەتئەلنىڭ ئارلىششىدىن بەك قورقىدۇ. شۇڭا مېنىڭچە بۇ ئاتالمىش« غەرپنى ئېچىش» خەلقارالىق سىياسى ئارلىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا بۇ«تىنىچ» ياكى «ئىتائەتمەن» «شىنجاڭ» غا قوللانغان ستراتېگىيىلىك مىتوت. بۇ كۇنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ يەرلىك ئۇيغۇرلارئۈستىدىن ھوقۇق يۈرگۈزىشىگە يول ئېچىش. شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلق بولغان ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت، تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت جەھەتلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مۇسۇلمان خوشنىلىرى بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىۋاستە ئارلىشىپ كىتىشىنى توسۇشنى ئويلايدۇ. چۈنكى سابىق سېۋېت كومىنىستلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى ئۇلارغا بىر

تەجرىبە بولدى.

قەيسەر: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىر يۈرگىزىۋاتقان سىياستى «تەرەققى قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاسىمىلاتسىيە قىلىنىشى» كېرەك دېگەندەك بولۇۋاتىدۇ، تەرەققى قىلىشىمىز ئۈچۈن چۇقۇم يېزىغىمىز، تىلىمىز، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن ۋاز كىچىشىمىز كېرەكمۇ؟

كىرىستىيان تەيلىر: مېنىڭچە ئۇزاق مۇددەتلىك كەلگۈسكە قارىساق، خىتاي جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلارغا باشقا تاللاش يولى يوق. كۆچمەنلەرنىڭ كۆپلەپ كىلىشىنىڭ مەنىسىمۇ يەرلىكلەرنىڭ ئاسىمىلاتسىيە بولۇپ كىتىشىدىن دىرەك بىرىدۇ. لېكىن ئاسىمىلاتسىيە ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئاستا بولۇدىغان ھادىسە. شۇنداقلا ئىختىيارى بولۇدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرى ئۇسۇلدا ئېلىپ بارىمەن دىيىشى تامامەن خاتا، يەنى ئۇيغۇر تىلىنى چەتكە قېقىش، ئۇيغۇر يېزىقىغا باغلىنىشلىق ئۆرپ-ئادەتلەرگە بوزغۇنچىلىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ئابىدە ، ئاسارە – ئەتىقىلىرى ۋە بىناكارلىقىنى بۇزۇش، دىنى ئېتىقاتىغا توسقۇنلۇق قىلىش قاتارلىقلار بىنورمال ھادىسىدۇر. تەرەققىيات باسقۇچلىرى چوقۇم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى ، ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن يەنى ئۆز مىللىتىنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلىرى بىلەن سۆھبەتلىششى كېرەك ئىدى.

مەن ئاخىرىدا سىلەرگە ئۇتۇق تىلەش بىلەن بىرگە يېڭىدىن قۇرۇلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىڭلارنىڭ غەلبە قىلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.





# ئېنسكلوپېدىيە ئۇيغۇرچە

قاھار بارات (ئامېرىكا)

لۇغەت بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقىنى نامايەن قىلسا، ئېنسكلوپېدىيە بىلىم بايلىقىنى نامايەن قىلىدۇ.ئۇيغۇر تىل-يېزىق خادىملىرى 9يىل تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق 1989-يىلى ئەڭ ئىناۋەتلىك «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نى ئىشلەپ چىقتى.ئۇنىڭدا 60 مىڭ سۆز ۋە ئىبارىلەر توپلانغان بولۇپ،شۇنىڭدىن بۇيان ماۋۇ سۆز نىمە ئىدى، ئاۋۇنى قانداق دەيىز؟ دەيدىغانلاردىن قۇتۇلدۇق.تىلىمىزدا قانداق سۆلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئۇلارنى قانداق تەلەپپۇز قىلىشنى بىلدۇق.مەسلەن: بىزدە«مۇجاھىدىن»دىگەن گەپ يوق ئىكەن.

1978-يىلى قازاقىستاندا 12توملۇق«قازاقىستان سېۋېت ئېنسكلوپېدىيەسى» نەشىردىن چىقتى.ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، 1980 -يىلى «ئۆزبېك سېۋېت ئېنسى-كلوپېدىيەسى»، «قىرغىز سېۋېت ئېنسكلوپېدىيەسى» شۇنىڭدەك ئەزەربەيجان، تۈركمەن ۋە تاجىك ئېنسكلو-پېدىيەسى چىقتى.1990-يىلدىن باشلاپ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى قازاقىستان ئېنسكلوپېدىيەسىنى قازاق — ئەرەب يېزىقىغا ئاغدۇرۇپ تارقىتىشقا باشلىدى.مۇشۇ 4ئەترايى تېخى ئۆزىنىڭ ئېنسكلوپېدىيەسى چىقماي قالغانلاردىن بىز ئۇيغۇرلار قالدۇق.

ئېنسكلوپېدىيە بارلىق بىلىملەر ھەققىدىكى قىسقىچە مەلۇمات دىمەكتۇر.ئۇنىڭ تۈرى ھەرخىل بولسىمۇ ئاساسەن ئونىۋېرسال ۋە مەخسۇس دەپ ئىككى چوڭ تىپقا بۆلىنىدۇ.يۇقۇرىدىكى ئېنسكلوپېدىيەلەر ئونىۋېرسال خارەكتىرلىك بولۇپ«ياخشى سېۋېت ئېنسكلوپېدىيە »سىنى ئۈلگە قىلغان. سېۋېت ئېنسكلوپېدىيەسىنىڭ 1970-يىلى قايتا ئىشلىگە 30 توملۇقى،1947-يىلدىكى 50 توملۇقتىن ياخشى بولۇپ ئۇنىڭ ئېنگلىسچە ۋە خىتايچە تەرجىمىلىرى بار. بۇ خىلدىكى ئېنسكلوپېدىيەلەر مەلۇم مىللەتكە بارلىق بىلىملەر ھەققىدە ئەڭ ئەقەلى ، توغرا مەلۇمات بىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ .بىزدە ئەنە شۇنداق بىرەر قامۇسنىڭ يوقلىقىدىن گېزىت —ژورناللىرىمىز ئاجايىپ —غارايىپ سۆزلەر بىلەن تۇشۇپ كىتىۋاتىدۇ.بۇنداق ئۇيغۇر ئېنسكلوپېدىيە ۋەتەندە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىسىز ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس.ۋەتەندىكى زىيالىلىرىمىز ۋە ئەمەلدارلىرىمىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئېھتىياجىنى ھۆكۈمەتكە چۈشەندۈرۈپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كىرەك.

ئونىۋېرسال ئېنسكلوپېدىيەدىن قالسا يەنە بىر ئېنسكلوپېدىيە مىللەت ئېنسكلوپېدىيەسى .ئۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشنى مەخسەت قىلىدۇ.مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستانلار مۇستەقىل بولغاندىن كىيىن «ئۆزبېكىستان مىللى ئېنسكلوپېدىيەسى» ۋە «قازاقىستان مىللى ئېنسكلوپېدىيە »نى ئىشلەشكە كىرىشتى.بۇلار يەنىلا ئونىۋېرسال ئەمما مىللەت تەركىۋىنى يېگىلىغان ۋە كۆپەيتكەن.ۋاھالانكى مىللى ئېنسكلوپېدىيەلەر ئىچىدە ھازىر ئەڭ ياخشى ئىشلىنىۋاتقىنى« ئېنسكلوپېدىيە ئىرانىچە « بولۇپ،بۈگۈنگىچە دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىرانشۇناسلارنى ئۇيۇشتۇرغان، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قەلەم تەۋرەتكەن،سەۋىيىسى يۇقۇرى، كاتتا ئىلمى قۇرلۇشلارنىڭ بىرى يەنە بىرى « ئىسلام ئېنسكلوپېدىيەسى» بولۇپ ،بۇنىڭ ئىككىنچى نۇسقۇسىنىڭ سەۋىيىسى ناھايتى يۇقۇرى، ھازىر ھەتتا ئۈچۈنچى نۇسقۇسىغا تۇتۇش قىلماقتا.« ئېنسكلوپېدىيە ئۇيغۇرچە»مانا مۇشۇلارنى ئۈلگە قىلىشى كىرەك.بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئىككى نوقتا بار. بىرى: بىزدە زادى خەلقاراغا كۆتۈرۈپ چىققۇدەك

مەدەنىيەت،بايلىقىمىز بارمۇ-يوق؟ ئىككىنچىسى: شۇ ئىرانشۇناس ۋە ئىسلامشۇناسلاردەك بىرەر ئېنسىكلوپېدىيەنى قوزغاپ چىقالىغۇدەك ئىلمى قوشۇنىمىز بارمۇ-يوق؟مەدەنىيەتتە بىز خىتاي ،ئىران ۋە ھىندىستانلاردىن كېيىن تۇرۇمىز،ئەمما باشقا ھەرقانداق ئاسىيالىقلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇمىز.ئۆزىمىز ياراتقان مەدەنىيەت تۆھپىلىرىمىز چەكلىك بولۇشى مۇمكىن.ئەمما يىپەك يولىنىڭ ئۈستىدە ياشىغانلىقىمىز بىلەن توپلىغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىز ناھىيتى مول.تارىم ئويمانلىقىدىن قەدىمقى 24 خىل يېزىق ۋە 17خىل تىلدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى.بۇنداق يەر دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە يوق.ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى سىرىنى ئاچمىغىچە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئوچۇق كۆرىۋالغىلى بولمايدۇ.ئۇيغۇرلاردەك مۇشۇنداق مەدەنىيەتلىك،تىنچلىق سۆيەر بىر ئۇلۇق مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق كۆمۈلۈپ قېلىشى پۈتۈنلەي بىر ناھەقچىلىك.بىر ئەسىرلىك ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن شۇنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى،بىزدە شەك-شۈبىسىز قىممەتلىك ماتىرىياللار بىلەن تولغان 10 تومدىن كۆپ مەدەنىيەت ئېنسىكلوپېدىيەسىنى تولدۇرغۇدەك نەرسىلىرىمىزبار ۋە ئۇ كەلگۈسىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر چوڭ بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسى بىر خەلقارالىق ئىلى تېما بولىدۇ.دىمەك بىرەر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەتقىقات دائىرسىدىن ھالقىغان دۇنيادىكى ئالىملارنىڭ بىر ئورتاق ئىشى بولىدۇ.گېرمانىيە، رۇسىيە، ياپونىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ۋېنگىرىيە، تۈركىيە، ئامېرىكا،شۋېتسارىيە ۋە خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بۇ ساھادە يۈز يىلدىن ئارتۇق تەتقىقات تارىخى بار.ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۆزىمىزدىن نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ بۇ قوشۇننى تېخىمۇ كېڭەيتتى.مۇشۇ كۈندە ئۇيغۇرلاردىنلا خەلقارا سەۋىيەلىك ياش ئالىملىرىمىزدىن ئون نەچچىسى يېتىشىپ چىقتى.تۈركلوگىيەدە بىز ھازىر رۇس ۋە تۈركلەردىن قېلىشمايمىز.بۇرۇن بۇلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيتۇق.ئىرانشۇناسلىقنى غەرپلىكلەر باشلىغان، ئىرانى ئىرانشۇناسلار بىدىن جىق بولسا 20يىل ئالدىدا.ئىران ئېنسىكلوپېدىيەسى بۇرۇنقى سانلىرىغا قارىغاندا يېڭى سانلىرىدا ئاپتورلارنىڭ بارا-بارا كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.ئاخىرى بىزمۇ شۇنداق بولىمىز.

ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسىگە مەسئۇل بولىدىغان مەخسۇس بىر گۇرۇپپا تەشكىللەش،ئىقتىسادىنى، پونتىنى ھەل قىلىش ۋە تەھرىر ئورگىنىنى بېكىتىش مەزكۇر پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك بىرىدىغان ھەل قىلغۇچ ئۆتكەل. كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئىران ئېنسىكلوپېدىيەسى بىلەن ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ بېسىپ كىلىۋاتقان ئەگرى توقاي يوللىرى بىزنىڭ نىمە قىلىش ۋە قانداق قىلىشىمىزنى كۆرسىتىپ بىرىدىغان بىر ئەينەك.كونكرىتنى قىلىپ ئېيتقاندا بىز،بىرىنچىدىن: ھەرقايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە مەشھۇر زاتلىرى بىرلىشىپ بىر«ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسى تەييارلىق گۇرۇپپىسى» قوزغاپ چىقىشىمىز كىرەك،ئىككىنچىدىن: مەخسۇس «ئۇيغۇ ئېنسىكلوپېدىيە فوندى»نى تىكلىشىمىز كىرەك،ئۈچۈنچىدىن: نوپۇزلۇق بىر ئاكىمدىيە ،ئونۋېرسىت ۋە نەشرىياتقا بۇنىڭ تەھرىر مەسئۇللىقىنى تاپشۇرۇشىمىز كىرەك.

ئىران ئېنسىكلوپېدىيەسى1974-يىلى پىلانلىنىپ 1982-يىلى بىرىنچى تومنى چىقاردى.بۇجەرياندا ئۇلار فوند توپلاش،ماقالا تىملىرىنى تاللاش جەھەتلەردە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى.ئەگەر قىيىن يېرىگە كەلگەندە پروفسور يارشاتېر ئۆزىنىڭ خاس كۇتۇپخانىسى بىلەن ئاسارە-ئەتىقىلىرىنى سېتىپ ئىككى مىليون دوللارنى ئىئانە قىلىۋىتىپ، نۇرغۇن تەرەققىيپەرۋەر ئىرانلىقلارنى تەسىرلەندۈردى. بۇ يىل چىققان 12-تومنىڭ مۇقاۋىسىدا 20 ئارتۇق ئىئانە قوشقان شەخس ۋە فوندلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان.ھازىر ئۇلارنىڭ پۇلىنەچچە ھەسسە كۆپ، مەخسۇس ئىشلەۋاتقان خادىملار 10 غا يىتىدۇ.ئىران ئېنسىكلوپېدىيەسى ئىران مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر ئۆچمەس مەڭگۈ تاش بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆھپە قوشقانلارنىڭ نامى مۇقاۋىدا مەڭگۈ تۇرىدۇ.ئىران ئېنسىكلوپېدىيەسى پۇل تېپىشتىن ۋاز كىچىپ ،بۈگۈنگە قەدەر نەشر قىلغان توملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىنتېرنېتقا ھەقسىز چىقىرۋەتتى.بۇ بىر ئاجايىپ مەرت ،ئاقىلانە ۋە دانا ھەركەت.بىكار بولساق www.iranca .comغا كىرىپ بىلىملىرىدىن بەھرمان بولايلى.

پۇل دىگەننىڭ كۈچى كۈچلۈك،يوقنى بار قىلالايدۇ. ئەمما، بۇ ئىشىمىزنى دۇنيادىكى ئەڭ ئالى ئىلمى ئورگان ئۈستىگە ئالمىسا يەنە بىكار. ئۇلار ماقالىلارنىڭ ئىلمى سەۋىيىسىگە،ئالىملارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ۋە فوندنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك بىرەلەيدۇ. ئىران ئېنسىكلوپى-

دىيەسىنى كولونبىيە ئۇنىۋېرسىتتىدەك بىر داڭلىق مەكتەپنىڭ ئۇستىمە ئىلىشى ۋە يارشاتېردەك جان پىدا ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇنىڭ بۇنچىۋالا داڭلىق بىر ئەسەر بولۇپ چىقىشىغا ئاساس ياراتتى. ئېنسكلوپېدىيە يارشاتېرنىڭ باش تەھىرلىكىدە 5تەھرىر ئەزا،6كىشلىك مەسلىھەتچىلەر كومىتتى ۋە 43 مەسلەتچى تەھرىرلەردىن تۈزۈلگەن . قامۇسقا مىڭدىن ئاتۇق ئادەم ماقالە بەرگەن بولۇپ ئۇنىڭغا قاتناشمىغان ئىرانشۇناسلار قالمىدى دىيىشكە بولۇدۇ.ئۇنىۋېرست ئۇلارغا نام ۋە ئىشخانا بەرگەن بىلەن ،بەلكىم نىۋ-يوركتا بولغاچقىمىكى ،ئۇلاردىن چىدىغۇسىز يۇقۇرى باشقۇرۇش ھەققى ئېلىپ كەلدى. بېچارىلەرنىڭ بىر تومى بىر مىليون دوللارغا توختاۋاتىدۇ. يېقىندا ئۇلارنىڭ پونددىن گەپ ئېلىپ باقسام،مەكتەپ بىلەن مۇئاپىق بىر كىلىشىمگە كەلگەندەك قىلىدۇ.مۇشۇ كۈندە «يېڭى تۈركىيە ئېنسكلوپېدىيەسى»بىر ماقالىغا 400 دوللار قەلەم ھەققى بېرىپ ماقالا توپلاۋاتىدۇ. بىر پىرافسوردىن ئۇلارغا ماقالە بەردىڭىزمۇ دەپ سورۇسام، ۋاقتىم يوق دىدى.ھەممە ئادەم داڭقى بارغا ئىشلەيدىغان جاھان.

تەلەپنى ھەددىدىن زىيادە يۇقۇرى قۇيۇپ،سەپنى ئۇزۇن سوزۇۋەتسىمۇ ئىش نابۇت بۇلۇدۇ.ئىران ئېنسكلوپېدىيەسى 30 توملۇق بولۇپ 1982-يىلدىن ھازىرغىچە ئاران 12 توم چىقتى.قامۇسنىڭ يېرىمى پۈتمەي تۇرۇپ بىرىنچى تومدىكى ماقالىلارنىڭ دەۋرى .ۋتۇپ،قايتا يېزىشقا توغرا كىلىۋاتىدۇ. ئېنسكلوپېدىيە بىر يېزىپ تاشلاپ قۇيۇدىغان نەرسە ئەمەس، ھەر 10-20 يىلدا بىر يېڭىلاپ تۇرۇش كىرەك.ناۋادا ئۇيغۇر ئېنسكلوپېدىيەسىنى گېرمانىيە پەنلەر ئاكىمدىيەسى ئۇستىمىزگە ئالىمىز دىسە ئىشنىڭ ئوڭ كەلگىنى .ئەمما ئۇلارمۇ ئىرانلىقلاردەك گىجىڭلىق قىلىپ ئۇنى بىر تۈگۈمەس ناخشىغا ئايلاندۇرۇپ قۇيۇشى مۇمكىنمۇ؟مۇمكىن.ئۇلار سۇپەت ئۇچۇن جېنىنى ئايىمايدىغان خەلق. مەسىلەن: «ئۇيغۇرچە ۋورتەربۇچ»نى1977-يىلى باشلىغان،تېخىچە «ئا» ھەرپىدە يۇرىيدۇ.ئەگەر بۇنىمۇ شۇنداق قىلغىلى تۇرسا ئۆلگىنىمىز.ئىشنىڭ ئۇنۇمنى ھېساپقا ئالغاندا گوللاندىيە برىلل نەشرىياتى ئۇستىگە ئالغان «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيەسى» مۇئاپىقىيەتلىك بولۇپ چىقىۋاتىدۇ.بىرىلل نەشرىياتى تىجارەت كومپانىيەسى ۋە ئاساسى تەتقىقاتىدا ئەلا سۇپەتلىك كىتاپلارنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ .ىناۋىتىنى ياخشى ساقلاپ كىلىۋاتقان بىر ئورۇن.ئۇلار ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن بولسۇمۇ ،بىر قامۇسنى 10 يىلدىن كۆپ ئارقىغا سۇرۇشكە چىدىمايدۇ. بۇلتۇر«ئىسلام ئېنسكلوپېدىيەسى»نىڭ ئىككىن- چى نۇسقۇسى 11 توم بولۇپ چىقتى.ئۇنىڭغا 13 مىڭ ماقالا كىرگۈزىلگەن ھازىر ئۇنى دىسكا قىلىپ ئىشلەپ مىڭ دوللاردىن سېتىۋاتىدۇ.ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچىنچى نۇسقۇسىغا كىرىشتى. بۇنى يۇقۇرقى سۇرئەت ۋە تەجرىبىلىرىگە قارىغاندا 5-10 يىل ئىچىدە تۈگۈتىشى مۇمكىن.

## دىنىي بىلىم كۆزنىكى

ئىلىم ھۈنەردە ئارقىدا قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئاياق ئاستىدا قالغان مۇسۇلمانلار« قۇرئان» ھۆكمىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ھەقىقى ئىسلامىيەتتىن بەرھىرلىنەلمىگەن ئىكەن. بولمىسا «قۇرئان»ھۆكمى ئاساسەن ئۈچ ئىشقا توختالغان ئىدى. بىرىنچى:ئىتتىپاقلىق، ئىككەنچى: زامانىۋى ئىلىم ۋە ھۆنەر-تېخنىكلارنى ئۆگۈنۈپ ھەر ئىشنىڭ سەۋەپلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇقلاش، ئۈچۈنچى :دۈشمەن ئالدىدا ئۆلۈمدىن قورقماسلىق. مانا بۇ ئۈچ نەرسىگە ھايات ئالەمدە كىم ئىگە بولالايدىكەن ئۆز ۋەتىنىنى، ئىنسانى ھوقۇقىنى باسقۇنچى دۈشمەنلەر ھوجۇمىدىن ساقلاپ قالالايدۇ. ئەپسۇسكى بىزنىڭ تارىخىمىز بەكمۇ زىرىكىشلىك ئىتتىپاقسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەچكە ئۆز ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلدۇق.

*********************************

ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ھالاكەتلىك دۈشمىنى ئاڭسىزلىق- بىلىمسىزلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ-تائالا «قۇرئان»نىڭ بىرىنچى سۆرىسىنى ئوقۇش،ئوقۇتۇش، بىلدۈرۈش، يېزىشتىن باشلىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ۋەلەيھى ۋەسسلام ئەركەك، ئۇرغاچى، قىز-ئوغۇل دىمەي پۈتۈن ئىممەتلەرنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى. دىنىي بىلىمنى ئۆگۈنىش ھەممىگە پەرىز بولغاندەك ئۆز ۋەتىنىنى، مىللىتىنى ساقلاش ئۈچۈن زامانىۋى بىلىملەرنى ئوقۇپ-بىلىشمۇ پەرىزدۇر.

ئېلىخان تۆرە ساغۇنىنىڭ«تۈركىستان قايغۇسى» دىن ئېلىندى.



# بۆرە بىلەن ئەجدىھا



تەرجىمە قىلغۇچى: خاتىرگۈل (شۇنشارىيم)

(كرستىيان تىپىلىرنىڭ «wild west china» دىگەن كىتابىنىڭ خاتىمە قىسمىدىن تەرجىمە قىلىندى)

بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، شىنجاڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى60-يىلدىن بىرى خىتاينىڭ بىر قىسمى ھىساپلىنىدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا 2000 يىلدىن بىرى بۇ يەر 6-7قىتىملىق تاجاۋۇزچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن، بېسىۋېلىنغان دۆلەتتۇر.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 102-يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان؛ مىلادىدىن كىيىنكى 1- ئەسىردە بەنچاۋ تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان 2- قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق پەقەت ۋاقىتلىق غەلىبە قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان. تاڭ سۇلالىسى 7- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ۋاقىتلىق كونتۇرول ئاستىغا ئالغان بولسا، 13- ئەسىردە مۇڭغۇللار بۇ تېرىتورىيەنى قولغا كىرگۈزگەن. 18-ئەسىردە بولسا چىڭ خاندانلىقى بۇ يەرنى ئىشغال قىلغان. ئەمما، 19- ئەسىردە بولسا ياقۇپ بەگكە تارتقۇزۇپ قويغان. زوزۇڭتاڭنىڭ قايتا ئىشغالىيىتى پەقەتلا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بىشىغىچىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. تولۇق كونتۇرول پەقەت1949-يىلى ئاندىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

بۇ« يىڭى چېگرا»نىڭ ھاكىمىيىتى خۇددى بۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوخشاش غەرپ بىلەن شەرقنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولدى. خىتاي ھەرگىزمۇ بۇ يەرنى ئالدىنقى 2000يىل ئىچىدە 500 يىلدىن ئارتۇق كونتۇرول قىلدۇق دىيەلمەيدۇ. 250 يىلنىڭ ئالدىدا چىڭلوڭخان ئۆز مەلىكىسىنى غەرپتىن ئەكەلگەن ئىدى. ئۇ مەلىكە تاكى 50 يىلنىڭ ئالدىغىچە، يەنى يەنە بىر قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە كەيگەن خان ئالماشقىچە باش ئەگمىدى. يىڭى خان ئۇنىڭ مايىللىقىنى ئالماقچى بولغان بولسىمۇ ئەمما، ئۇ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇلدى ھەم ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىيارلىق ئاساسىدىكى بىرلىكمۇ يوق بولدى.

ماۋ ماركسىزم-لېنىنىزىم ئىدىيىسىنىڭ سىرلىق فورمىلىرىنى مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتتى. بۇ فورمىلار مەغلۇپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئۇنىڭ تۈركى مىللەتلەرگە ئېلىپ بارغان ئىجتىمائى تولۇقلىمىسى يۇقۇرى دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق خارەكتىرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى مىللى كەمسىتىش ۋە ياتلىششقا ئېلىپ كەلدى. ئەسىرلەردىن بۇيانقى تالاش- تارتىشنى ئەل قىلىش ئۈچۈن ماۋ نىڭ كىينكى ئىز باسارلىرى «غەرپنى ئېچىش» يولى بىلەن بۇ رايوننى خىتايلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

مىللەتچىلىك باستۇرۇلسىمۇ ئەمما ئۇ يوقالمايدۇ. ئەگەر پۈتۈنلەي ئاسىملاتسىيە قىلىش خىتاينىڭ مەقسىدى بولسا، مۇنقەرز بولغان ۋە ياكى تاشقى كۈچلەرنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ياشىغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ بەرگەن ساۋىقى خىتاينىڭ پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: نەچچە يۈز يىل ئەنگلىيەنىڭ مۇنقەرزى بولغان شوتلاندىيەلىكلەر يەنىلا ئۆزىنى شوتلاندىيەلىك، ۋالستىكلەر يەنىلا ئۆزىنى ۋالىسلىق دەپ قارايدۇ، ئىرلاندىيەلىكلەر بولسا شۇنچىلىك بىر كۈچلۈك دۆلەتنىڭ قولىدىن مۇستەقىل بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنىڭ بۇرۇنقىدىن تارايغانلىقىنى ۋە ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلىپ يىتىدۇ. ئەمما، تۈركى مىللەتلەر بېسىۋېلىنغان بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ مىللى كىملىك ئېڭى ھېچقاچان ھازىرقىدىن يۇقۇرى بولمىغان . تۈركى مىللەتلەر بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقى ناھايىتى كەڭ. تۈركى مىللەتلەر خۇددى رىمنىڭ رومۇلۇس بىلەن رېمۇسقا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئاتا- بوۋىسىنىڭ بۆرىلەردىن سۈت ئەمگەنلىكىدەك سىرلىق ئەنئەنىسىگە چوقۇنىدۇ. خىتايلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ خانلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدىغان ئەجدىھاغا چوقۇنىدۇ.

بۇ مىللەتلەرنىڭ چوقۇنىدىغان جانلىقلىرى بولسا بىر يەردە ياشىيالمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىنتىقاتلارنى بىر يەردە ياشاشقا ئۇندەش ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭغا ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى مىللى قىرغىنچىلىق، شىمالى ئىرلاندىيەدىكى دىنى توقۇنۇش، ئىسرائىلىيەدىكى هالاكەت بومبىلىرى بۇنىڭ جانلىق پاكىتلىرىدۇر. بىراق ئوخشىمىغان ئىرق ياكى قەبىلىدىن بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش مەيلى ئامېرىكا مەيلى ئەنگلىيەدە، مەيلى خىتايدا بولسۇن بىرلا قېلىپقا زورلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقىنى لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

بۇگۈنكى ۋەزىيەتتە ئەگەر تۆۋەندىكى ئىككى ئەھۋالنىڭ بىرى كۆرۈلسە بۇزۇلۇش مۇمكىن: بىرى شىنجاڭدىكى مىللەتچىلىك كۈچەيسە، يەنە بىرى خىتاي مەركىزى هۆكۈمىتى ئاجىزلاشسا.

چەنلوڭ بۇ يەرنى كونتۇرول قىلغاندىن بۇيان بۇ يەردە 1820-، 1860-، 1930-، 1940-، 1990-يىللاردا چوڭ قوزغىلاڭلار بولغان. بۇگۈنكى كۈندە سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلار «ئەگەر شەرقى تۈركىستان» دىكى بېسىم مۇشۇنداق داۋاملاشسا مىللى توقۇنۇش يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى توغرۇلۇق كەينى- كەينىدىن ئاگاهلاندۇرۇش بەرمەكتە. بېيجىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر كوسوۋو ياكى كەشمىر بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېھتىياتچانلىق تەدبىرلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. بىر كەڭ كۆلەملىك قوزغىلۇشتىن ساقلانغىلى بولامدۇ ياكى ساقلىنىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟

نۆۋەتتە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بەك ئاجىز، ۋەتەن سىرتىدىكىلەر بولسا بەكلا چېچىلاڭغۇ بولغاچقا ئۇلار يېتەرلىك تەهدىت كۆرسىتەلمەيدۇ. هەتتا بۆلۈنۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇيغۇرلار خىتايلار بىلەن قارشىلاشقۇدەك ۋە ئۇلارنىڭ هەربى، قورالىق ساقچى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئارمىيىسى، ئۇلارنىڭ تانكا، ئايرۇپىلانلىرى قاتارلىق مۇداپىيە قۇراللىرىغا تەڭ كەلگۈدەك ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئەهۋالدا قوزغىلاڭنىڭ چىقىمى هەددى-هېساپسىز كۆپ بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

تارىختىن بىرى تارىم بوستانلىقىدا ياشاپ كەلگەن بۇ خەلق بېغەم هالەتتە ياشاپ كەلگەن بولۇپ، پەقەتلا قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغاندىلا ياكى قوقانلىق غوجىلار، ياقۇپبەگ قاتارلىق سىرتقى كۈچلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا قوزغىلىپ چىققان. خۇددى چىڭ ئەمەلدارى ئايتچىن ۋۇ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «خەلق ئۆز هاكىمىيىتىگە قارىغاندا ياخشىراق هاكىمىيەتنى تاللاشتا چىڭ تۇرغان بولسا كېرەك». ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئالغان تەجرىبە-ساۋىقى بولسا تۈركى ۋە مۇسۇلمان هاكىمىيىتىمۇ ئانچە جەلپ قىلارلىق بولمىغان.

هازىرقى ئەهۋال بولسا بۇتۇنلەي باشقىچە. هازىر چوڭ شەهەرلەردە نۇرغۇن ئالى مەلۇماتلىق، تەجرىبىلىك ۋە ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتايلارنىڭ ئۆز زېمىنىنى بېسىۋالغانلىقىغا نارازى بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرى ئاسانلا قولغا كەلتۈرگەن مۇستەقىللىككە مەسلىكى كەلسىمۇ ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئومۇمى يۈزلۈك قوزغىلۇشقا قوشۇلمايدۇ. بولۇپمۇ 40 -يىللاردىكى ئەنسىز يىللارنى باشتىن كەچۈرگەن ياشانغان ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارنى قانداق قوغلاپ چىقىرىشقا كۆزى يەتمەيدۇ هەم قارشىلىشىش مۇھىتىدا ياشاشقا تەييار ئەمەس. ئەمما، كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغان يېرى، يېڭى بازار ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان هاكىمىيەت يارىتىپ بەرگەن ياخشى پۇرسەتلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ئاسانراق ئىدى.

شىنجاڭدىكى مەلۇم ساندىكى ئىسلامى كۈچلەر بار كۈچى بىلەن هۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن هەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ پاراكەندىچىلىكلەر هازىرقى ۋەزىيەتكە بولغان نارازىلىقنىڭ ئىپادىلىرىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە باشقىچە بىر كەلگۈسىنى تۈرك ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە ئىسلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى كەلگۈسىنى ئىزلەيدۇ. نارازىلىق بولسا ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ: ئۇزۇن مۇددەتلىك بېسىم ۋە ئىزىشكە بولغان تەبئى رېئاكسىيە ۋە ياكى مەلۇم رايوننى باشقۇرالمىغىدەك دەرىجىدە مۇقىمسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن پىلانلانغان تېرورلۇق هەرىكەت . هازىرغا قەدەر بىز شىنجاڭدا ئاسمەن 1-خىل شەكىلنى ئۇچرىتىمىز. قارشىلىق دىنى تۈس ئالغان، چۈنكى، خۇددى كوممۇنىست پولشادا كاتولىزىم ئەڭ بۈيۈك كىملىكى بولغىنىدەك، بۇ يەردىمۇ ئىسلام ئۇلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك كىملىكى. بىراق، ئىسلامنىڭ ئۆزىلا بۇ يەردە چوڭ قوزغىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن بەكرەك سىياسى ۋە ئىقتىسادى هوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. 1930-يىلىدىكى خوتەن ئىسلام جۇمهۇرىيىتىدىن باشقىلىرى

مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى تەلەپ قىلمىدى، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلار ياخشىراق ھاكىمىيەتنى تەلەپ قىلدى.

ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرەشچىلىرى شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر رەھبەرنىڭ يوقلىقىدىن ئۈمىدسىز ھالەتتە تۇرماقتا. شۇنداق بىر ئادەم بولدى دېگەن تەقدىردىمۇ ھەقىقىي ئاپتونومىيىگە ئىگە شىنجاڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈش ياكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانداق بىر ھۆكۈمەت قۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈش تەس. كۈرەشنىڭ ئاخىرى خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش بۇرۇنقى كوممۇنىست كادىرلار مىللەتچى سۈپىتىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدىغان، ئىسلام پىدائىيلىرى بولسا تاغدا كۈرەش قىلىدىغان چېچىلاڭغۇ ھالەت بىلەن ئاخىرلىشىشى مۇمكىن.

يېتەكچىنىڭ كاملىقى ئوخشاشلا سۈرگۈندىكى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىنىڭ بېشىنى قاتىرىدۇ. مەلۇم بىر كىشى تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى، سەۋەپ كۆرسىتىشى كېرەك: پىدائىيلار قاچان كونترول قىلىنىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۈرەش نىشانى دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرىمۇ ياكى تولۇق مۇستەقىللىقمۇ؟ ئالدىنقى نىشان كېيىنكىنى چەتكە قاقامدۇ؟ شىنجاڭدىكى ھازىر بار بولغان خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسمى بولامدۇ؟

ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ يېگانە ھەمكارلاشقۇچىسى يوق. ئورغۇن غەربلىك سىياسونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسان ھەقلىرى قوغدىغۇچىلىرى ۋە كەڭ جامائەت ئۇلارنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. بىر ئەسىرنىڭ ئالدىدا بولسا خىتاينىڭ شىنجاڭدا نېمە ئىش قىلىشى خەقنىڭ يېنىغىمۇ كىلىپ قويمايتتى. ئۇ خۇددى ئامېرىكا ئىندىيانلىرىنىڭ يوقىتىلىشىدەك پۇشايمان قىلىشقا تېگىشلىك ئەمما ئالدىنى ئېلىشقا بولمايدىغان، ئالى مەدەنىيەت تۆۋەن مەدەنىيەتنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان بىر جەريانىدەكلا قارالغان ئىدى. تۈركى مەدەنىيەت راستىنلا تۆۋەن مەدەنىيەتمۇ دېگەن سوئالنىڭ ئۆزىلا ھازىر قوبۇل قىلىنمايدىغان بولدى. كۆزەتكۈچىلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا خىتاينىڭ خەلقارا كەڭەيمىچىلىكى كېيىن باشلانغانلىقى ئۈچۈن تەلىيى تەتۈر كەلدى. ھەم شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بالقاندىكى ئارىلىشىشىدىن كېيىن «ئىچكى ئىشلار»دىكى ئىشلارنىڭ قايسى قانۇنلۇق بولۇدىغانلىقى ھەققىدە ئىددىيە ئۆزگىرىش توقۇنۇشۇپ قالدى. سودىدا ئادىل بولۇشنى ئاساس قىلغان غەرب ئىدىيىسى بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. ھازىر خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىردى ۋە ئىچكى مەبلەغ سېلىشقا ئۈندەلمەكتە. ئەمما تۇرمە ئەمگىكى داۋاملىق سۈرۈشتۈرۈلىدىغان تېما بولۇپ كەلدى.

بىر قىسىم باھالىغۇچىلار خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كوممۇنىزمنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى چۈشكۈنلۈكى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن بەلكى ھەممىگە تونۇش بولغان، قايتا-قايتا داۋام ئەتكەن خاندانلىقنىڭ زەيپلىشىش كىرىزىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرمەكتە. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى كۈچلۈك مەركىزى ھاكىمىيەت ۋە ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ ئورنىنى پارخورلۇق ئىگەللىدى ۋە مۇئاشى يېتەرلىك بولمىغان ئادەملەر دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاسىيە قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسى بولسا دېھقانلارنىڭ قوزغىلىشىدۇر. يېقىنقى يىللاردا كۆپ قېتىم بۇنداق قوزغىلىشلار بولدى. ئەمما بىر نەچچىسىلا دىققەتنى قوزغىيالىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سېستىمىلىق ئاجىزلىقلار بولسا مۇقۇمسىز بانكا سېستىمىسى، ئېشىپ كىتىۋاتقان ئىشسىزلىق(بۇ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشتىكى چوڭ باش ئاغرىقى بولدى) ۋە بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى، غەربتىكى ئۆلكىلەر بىلەن شەرقتىكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بارغانسىرى ئىككى قۇتۇپقا قاراپ چوڭىيىۋاتقان پەرىقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاي ھاكىمىيتى بولسا ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن ئاجىز. كونا ئىدىيالىزىم ۋە كونا مۇقەررەرلىك بولسا ئاللىقاچان يوقالغان، ئىقتىسادى ئەركىنلىك بولسا يېڭى ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلدى. مەسىلەن: شەخسى مەنپەئەت كوللېكتىپ مەنپەئەتنىڭ ئورنىنى ئالدى. كوممۇنىزىم ئۆز كۈچىنى يوقاتتى، لېكىن ئۇنىڭ رەھبەرلىرى بولسا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئىسپاتىغا ئىمزا قويمايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن بەك خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن پارتىيە ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىدۇ، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى تەبىئى بايلىقلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. كىشىلەر ئەگەر خىتاي پارچىلانسا ئالدى بىلەن بۆلۈنىدىغان ئۆلكە ئەڭ باي بولغان گۇاڭدوڭ، ئۇنىڭدىن قالسا مانجۇرىيە، تىبەت ۋە موڭغۇلىيە، ئەڭ ئاخىرىدا بۆلۈنىدىغىنى شىنجاڭ دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغاندىمۇ ھاكىمىيەت

يەرلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشمەستىن بەلكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھاكىمىيەت تۇتقان دىكتاتورلار ياك، جىن ۋە شىڭلارغا ئوخشاش خىتاي ھاكىمىيەتچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن.

شىنجاڭنىڭ بېيجىڭنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن ياكى سۆھبەت يولى بىلەن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىنى كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟ 2003-يىلىنىڭ بېشىدىكى خىتاينىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ تىبەتتە باشلىق بولۇپ تۇرغاندا تىبەتلىك بۆلگۈنچىلەرنىڭ نامايىشىنى شەپقەتسىز باستۇرغان خۇجىن تاۋنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆتىشى ئۇيغۇرلارغا چوڭ ئۈمىد ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بۇ يەردە ئويلۇنۇشقا تېگىشلىك بىر قانچە تۈرلۈك مەسىلە بار:

1-كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى مۇھىت. يېڭى ئىقتىسات باشقۇرغۇچىلار چۆللىشىپ كېتىشتىن، سۇ كەمچىلىكىدىن ۋە بۇلغۇنىش- تىن غەم قىلماقتا. داۋاملىق خىتاينىڭ شەرقىدىكى شەھەرلەرنى يۇتىۋېتىدىغان قۇم-توپا ئارلاش بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئامال-چارىلىرى شىنجاڭدا قاينام-تاشقىنلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەرەققىياتنى ئاستىلىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئۈنۈمى يوق بولغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى بىكار قىلىشتىن ۋە تۈركۈملەپ كۆچمەن يۆتكەش پىلانىنى كەينىگە سۈرۈشتىن دېرەك بېرىدۇ.

2-ئېيتىشلارغا قارىغاندا نۆۋەتتە پارتىيە ئۆزىنىڭ دىنى سىياسىتىگە قاراپ چىقماقتا. ھۆكۈمەتنىڭ فالۇنگوڭ ھەركىتىگە قارىتا ئېلىپ بارغان جىددى خارەكتېرلىك تۇسۇش ھەركىتى بىر دىنسىز دۆلەتتە نېمىنىڭ رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىغا قارىتا قايتا ئېنىقلىما بەرسە كېرەك. بۇ يەردە داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىسلام ۋە « تاشقى» دىنلار توغرىسىدا سۆز ئېچىشنىڭ ئورنى يوق بولسا كېرەك. بىر قىسىم يازغۇچىلار مەسىلەن: كوممۇنىستلار ماركسىنىڭ «دىن بولسا ئاممىنى زەھەرلەيدىغان زەھەر»دېگەن تەشۋىقاتىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن دەپ تالاش-تارتىش قىلماقتا.

3-يېقىندا خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ھوقۇقىنىڭ قانداق قىلىپ يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن شوتلاندىيە پارلامېنتىگە ئېلىپ بېرىلدى. خىتىياي فېدىرال ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش بولسا غەربلىك ئاكېمېدىكلار ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇسۇل ھەم تەيۋەنگە ھوقۇقى، سىياسى تەسلىمچىلىكسىزلا

بېرىلىشتىن ئىبارەت. ھازىر قارىماققا خىتايدىكى بىر قىسىم ئادەملەر بۇ خىل ئېھتىماللىقنى ئويلاشماقتا. ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇيغۇرلار ھازىرقى يالغان ئاپتونومىيەدىن ياخشىراق بولغان بىر نەرسە بولۇدۇ دېيىشكە بولۇدۇ.

ھازىرقى خىتاي بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۈچۈق. يېڭى ئىددىيە بۇرۇنقىدەك باستۇرۇلمايدۇ. گەرچە مۇسۇلمان تېرورىستلاردىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، خىتاي زىيالىلىرى ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىلغان رەھىمسىز مۇئامىلىسى ۋە ئۇلارنى يوشۇرۇن تېرورىست دەيدىغان ئاددى كۆز قاراشتىن ئەندىشە قىلماقتا. بەلكىم يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر خۇددى ماۋ نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا ھوقۇق تۇتقىنىغا ئوخشاش مەسىلىنىڭ بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان بولسا كېرەك. ئۇلار بەلكىم مىللى خورلۇقنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۇلار قورقىدىغان ئاقىۋەتكە ئاپىرىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولسا كېرەك.

شىنجاڭ بولسا بىر چېگرا رايون، ھازىر بۇ چېگرا خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سودا ۋە ئىقتىسادى تەسىرىنى كېڭەيتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېچىۋېتىلدى. خىتاينىڭ خانلىق تارىخىدا داۋاملىشىۋاتقان تېما بولسا چېگرا رايوننى تىنچ ساقلاش. ئۇنىڭ بىر يولى بولسا ھازىرغا ئوخشاش ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش. يەنى بىرى بولسا خىتايدىكى تۈركى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا خىتايلارغا ئوخشاش ھوقۇق بېرىشتىن ئىبارەت. ئاتالمىش«4-ئەۋلات»رەھبەرلەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى شىنجاڭ ئاپتونوم رايوننى تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق قورقۇنۇشلۇق مۇھىت يارىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار- يوقلىقىدىن ئىككىلەنمەكتە.

كەلگۈسىدە بولىدىغان يەنە بىر ئوخشىمايدىغان ئەھۋال بولسا خىتاي بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيىنىلىپ كېلىۋاتقان ئويۇننى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئاخىرقى خولاسىگە كېلىش. تارىختا شىنجاڭ خىتاينىڭ نەچچە قېتىم تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان، بەزىدە كونتۇروللۇقىغا چۈشكەن. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئۇنىڭ خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدىغان ۋە سۆيمەيدىغان «ۋەتىنى» زورلۇق كۈچ بىلەن قوشۇۋېلىنغان.

# الله اكبر

بىز ھەر نامىزىمىزدا دۇئا قىلىۋاتىمىز، ناھايىتى كۆپ دۇئا قىلىۋاتىمىز، ئەكسىنچە ئەھۋالىمىز كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ساھابىلەردىن بىرسى سورىدى: ئى! سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم، ئاللاھ قۇرئاندا «ماڭىلا دۇئا قىلىڭلار، تىلەكلىرىڭلارنى ئىجابەت قىلغايمەن»، دېگەن ئىدى. بىز دۇئا قىلىۋاتىمىز ئەمما ئىجابەت بولغىنىنى كۆرمىدۇققۇ؟ پەيغەمبىرىمىز ئېيتتىكى، بۇنىڭ ئون تۈرلۈك سەۋەبى بار:

1- ئاللاھنى بىلىسىز ئەمما ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمەيسىز، تەلەپلىرىنى ئادا قىلمايسىز.

2- «قۇرئان»نى ئوقۇيسىز ئەمما ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايسىز.

3- ئاللاھنىڭ رۇسۇلىنى سۆيىمەن دەيسىز ئەمما ئۇنىڭ سۈننەتلىرىنى تاشلاپ كېتىسىز.

4- شەيتاننى دۈشمەن دەپ بىلىسىز ئەمما شەيتاننىڭ ئارقىدىن ماڭىسىز.

5- جەننەتنى خالايتتىم دەيسىز ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشمايسىز.

6- دوزاقتىن قورقىمەن دەيسىز ئەمما ئۇنىڭدىن قاچمايسىز.

7- ئۆلۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى سۆزلەيسىز ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلمايسىز.

8- باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرىسىز ئەمما ئۆزىڭىزنىڭكىنى ئۇنتۇيسىز.

9- ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىلىنىسىز ئەمما ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىشنى بىلمەيسىز.

10- ئۆلۈم ئۇزۇتۇپ تۇرىسىز ئەمما ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايسىز.

# دۇئالار نېمە ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇ؟

# Gherp Shamili

*Utges av Svenska Uygur Kommittén*



**Postadress:** SUK
Box 45
631 02 Eskilstuna
SWEDEN
**Telefon:** 0046 16 480044
**Fax:** 0046 16 480044
**E-post:** suk@uygurie.com
**Webbsida:** www.uygurie.com



**Postgiro:** 272403-7
**Org nr:** 802414/2351

**Chefredaktör:** *Kurash Sultan*
**Ansvarig utgivare:** *Kurash Sultan*

**Redaktör:** *Turkizat Abit*
*Abdurishit Haji*

**Redaktion:**

1. *Ablikim Baki(USA)*
2. *Alimjan(Kazakistan)*
3. *Semet(Norge)*
4. *Kamiljan(Finland)*
5. *Nebijan(USA)*
6. *Parhat(Tyskland)*
7. *Rukiye(Kanada)*
8. *Kahar(USA)*
9. *Ehmetjan(Turkiyet)*
10. *Omar(USA)*
11. *Xohrat(USA)*

**Upplaga:** 1000 ex

**ISSN:** 1652-0165

**Tryckeri:** tryckverket

**4 gånger om året**



*För innehåll och åsikte*
*i tidningen ansvarar*
*de enskilda skribenterna.*
*Det är inte nödvändigtvis*
*Gherp Shamilis ståndpunkt*
*som uttrycks.*


# INNEHÅLL


***Intervyer***

**Intervju med Erikin Alptekin..................Redaktionen**
**Intervju med Cristian Taylor...............Kaiser Abdurusul**

***Kända Personer***

**Om den kände historiken Turgun Almaz.. Ahmed Igemberdy**
**Geni Karimov och hans bröder..........................Turki Zat**

***Speciella skrivelser***

**Turkistans sorg..........................................Elihan Työresaguni**
**Vargen och draken...............översättning av Han Tängry**

***Poesi rum***

**Tre dikter..................................................Ablikin Bakti Iltebir**

**Dikter...................................................................Ershiden**
**I fjärran land gråter en flicka...............................Aygül Yusup**

***Kunskapens källa***

**Var ligger paradiset.......................................Kurash Kusän**
**Encyclopedia Uygurica..................... .........Kahar Barat**

***Uigurernas mänskliga rättigheter***

**Dina mål, mina tankar.........................Sudukhadji Rosie**
**Nuvarande människorätts situation och Kinas assimileringspolitik...............................**

# تۈگەنچە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەمنۇنلۇق بىلەن سىزنى تەبرىكلەيمىز! چۈنكى سىز ئەركىنلىك بوغۇلۇۋاتقان، ئادالەت يوقۇلۇۋاتقان، ئىنسانى غورۇر خورلىنىۋاتقان، ھەقىقەت كۆمۈلۈۋاتقان، بەختسىزلىك يامراۋاتقان ۋە مىللى كىرىزىس ئۆتكۈرلەشكەن بىر مۇدھىش مۇھىتتا، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىددىيىسىنى، مۇددىئاسىنى ئەڭ ئەركىن، ئەڭ بىخەتەر بايان قىلالايدىغان بىردىن- بىر سەھنە-«غەرپ شاملى» بىلەن تونۇشتىڭىز، ئۇ ئەمدى سىزنىڭ بولدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «غەرپ شاملى» سىز ئۈچۈن ۋە مەن ئۈچۈن شۇنداقلا بىز ئۈچۈن، بىزنىڭ ھۆرلۈكىمىز، كېلەچىكىمىز ئۈچۈن يېڭىدىن دۇنياغا كەلدى. ئۇ سىز بىلەن ھەرۋاقىت بىللە بولغۇسى! سىز بىلەن بىرگە گۈللەنگۈسى! سىز ئۇنىڭ بىلەن ئەركىنلىكنى، دېموكراتىيەنى، ئادالەتنى، ئىنسانلىقنى شۇنداقلا مەھكۇملۇقنى، خورلۇقنى، زالىملىقنى، يالغانلىقنى قايتىدىن تونۇپ چىقىسىز. بىز ھەم شۇنىڭغا تىلەكداشمىز!

مەرھەممەت! بىزگە پىكىر بېرىڭ، ئەسەر ئەۋەتىڭ، ئالاقىلىشىڭ. ئەمما سىزدىن كۈتىدىغان بىرلا ئۈمۈدىمىز: «غەرپ شاملى» قولدىن-قولغا ئۆتسۇن، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچسۇنكى، ھەرگىز ياستۇقنىڭ ئاستىدا قالمىسۇن!

ئېھتىرام بىلەن «غەرپ شاملى»ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى


Post adress: SUK
Box 45
631 02 Eskilstuna
SWEDEN

Webb adress: www.uygurie@com
www.duttar.com
E-post adress: suk@uygurie.com

elefon : 004616 480044
Fax: 004616 480044

anka : 272403-7 Svenska Uygur Kommittén(SUK)



SSN 1652-0165 خەلقارا ژورنال نومۇرى:



1



2



3






4



5

6



7



8